ئەللامە يۈسۈف قەرەداۋى

# نىيەت ۋە ئىخلاس

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

ئەللامە يۈسۈف قەرەداۋى
نىيەت ۋە ئىخلاس

HAKSEVER

ISBN 978-625-00-9424-2
9 786250 094242

بسم الله الرحمن الرحيم

ئەللامە يۈسۈف قەرەداۋى

# نىيەت ۋە ئىخلاس

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# نىيەت ۋە ئىخلاس

ئەللامە يۈسۈف قەرەداۋى

# NİYET ve İHLAS

Yusuf el-Karadavi

نەشرگە تەييارلىغۇچى:

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

Haksever İslam Araştırma Merkezi

| | |
|---|---|
| Yazar | مۇئەللىپ |
| **Yusuf el-Karadavi** | **ئەللامە يۈسۈف قەرەداۋى** |
| Arapçadan Çeviren | ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى |
| **Habibullah KURBANİ** | **ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان** |
| Kapak & Sayfa Tasarım | بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى |
| **A. AKHUN** | **ئا. ئاقھۇن** |
| Matbaa Çalışmaları | باسما ئىشلىرى مەسئۇلى |
| **Ewlat Guruppisi** | **ئەۋلاد گۇرۇپپىسى** |

2022 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى

2022 - يىلى 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى

ئىستانبۇل - Istanbul

ISBN: 978-625-00-9424-2

بۇ كىتاب ئىلى مەشرەپ ئۇيغۇر ۋەخپىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن بېسىلدى.

مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى «ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى»گە تەۋە. «ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى»نىڭ يازما رۇخسىتىنى ئالماستىن ھېچقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........ 5
تونۇشتۇرۇش ........ 7

بىرىنچى بۆلۈم
ئىخلاسنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھقا يۈزلەنگۈچىلەر ئۈچۈن زۆرۈرلۈكى

ئىخلاس ساپ تەۋھىدنىڭ سەمەرىسىدۇر ........ 13
ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەل قىلغۇچىلارغا ئىخلاسنىڭ زۆرۈرلۈكى ........ 14
ئىخلاس بۇ ھاياتنىڭ ئىسلاھاتىنىڭ تەقەززاسىدۇر ........ 17

ئىككىنچى بۆلۈم
نىيەتنىڭ ئىخلاسنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئەھمىيىتى

نىيەت ۋە ئۇنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىش ........ 19
نىيەتنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى بايانى ........ 19
نىيەتنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ ھەدىستىكى بايانى ........ 24
نىيەتنىڭ ماھىيىتى ........ 31
نىيەت كەسكىن ئىرادىدۇر ........ 33
نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر ........ 35
ئەمەللەر مەقسەتلەرگە باغلىقتۇر ........ 36
ئەمەلدىكى نىيەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ مۇكاپاتىنىڭمۇ ئوخشىمايدىغانلىقى ........ 37
نىيەت ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ........ 39

نىيەتنىڭ مۇباھ ئىشلار ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەردىكى تەسىرى 45
ياخشى نىيەت ھارامنى ھالال قىلالمايدۇ 47
نىيەتنىڭ خالىسلىقى ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر 48
يامان نىيەت بىلەن مەسچىت بىنا قىلىش 51
دۇنيالىق غەرەز بىلەن جىھاد قىلىش 53
ئىخلاسنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ قىيىنلىقى 54
دەۋەتچىلەر ۋە ئالىملار ئۈچۈن ئىخلاسنىڭ مۇھىملىقى 61

## ئۈچىنچى بۆلۈم

## ئىخلاسنىڭ پەزىلىتى ۋە رىيانىڭ خەتىرى

نىيەت ۋە ئىخلاسنىڭ پەزىلىتى 65
رىياكارلىقتىن ئاگاھ بولۇش 75
قۇرئان رىياكارلىقتىن ۋە رىياخورلاردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ 75
رىياكارلىقنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان بىر بۆلەك ھەدىسلەر 78

## تۆتىنچى بۆلۈم

## ئىخلاسنىڭ ماھىيىتى

تونۇشتۇرۇش 87
ئىخلاسمەنلىكنى يېتىلدۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىللار 89
ئىمام غەززالىينىڭ ئىخلاس ھەققىدىكى بايانلىرى 93
ئىمام غەززالىينىڭ خىلمۇخىل غەرەزلەر ئارىلاشقان ئەمەللەرنىڭ ھۆكمى ۋە ئىنساننىڭ ئۇ ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ساۋابى ھەققىدە ئېيتقانلىرى 103
شەيخ ئىبنى رەجەبنىڭ دۇنيالىق غەرەزلەر ئارىلىشىپ قالغان ئەمەللەر ھەققىدە ئېيتقانلىرى 114

بەشىنچى بۆلۈم

ئىخلاسمەنلىكنىڭ ئالامەتلىرى

مەشھۇرلۇقتىن قورقۇش ..... 123
ئۆزىنى ئەيىبلەش ..... 129
كۆزلەردىن يىراق ھالدا ئۇن - تىنسىز ئەمەل قىلىش ..... 131
ماختىنىشنى كۆزلىمەسلىك، ماختىنىپ قالسا مەغرۇرلانماسلىق ..... 132
ماختاشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى ماختاشقا بېخىللىق قىلماسلىق ..... 135
رەھبەرلىكتىمۇ، ئادەتتىكى ئەسكەرلىكتىمۇ ئوخشاش ئەمەل قىلىش ..... 136
كىشىلەرنى ئەمەس، ئاللاھنى رازى قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش ..... 138
مەمنۇنىيەت ۋە غەزىپى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ ئۈچۈن بولۇش ..... 139
دەۋەت يولىدا سەۋرچان بولۇش ..... 141
كۆزگە كۆرۈنگەن ھەرقانداق قابىلىيەت ئىگىسىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىش ..... 143
ئەڭ ئۇنۇملۇك ئەمەلنى قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇش ..... 145
ئۆزگە تەمەننا قويۇش ئاپىتىدىن ساقلىنىش ..... 147
ئۆزىنى ئاقلاشتىن ھەزەر ئەيلەش ..... 151

ئالتىنچى بۆلۈم

يوشۇرۇن - ئاشكارا ئىتائەت ۋە ئىتائەتسىزلىك

يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىتائەت ..... 155
گۇناھلارنى يوشۇرۇش ..... 161
كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىنى ئارزۇ قىلىش ..... 168

يەتتىنچى بۆلۈم

دەۋەتچىلەر ئۈچۈن ئىخلاسنىڭ زۆرۈرلۈكى

ئىخلاس نېمىشقا بۇنچىۋالا زۆرۈر؟ 171
ئىخلاسمەن كىشىلەر دەۋەت قوشۇنلىرىدۇر 174
زىيانداش پارازىتلارنىڭ خەتىرى 176
بىر ـ بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان ئىككى تۈرلۈك كىشىلەر 177

## سەككىزىنچى بۆلۈم

## ئىخلاسنىڭ مېۋىلىرى

روھىي خاتىرجەملىك 179
روھىي قۇۋۋەت 181
ئۈزلۈكسىز ئەمەل قىلىش 187
مۇباھلار ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئىبادەتلەرگە ئايلاندۇرۇش 188
تېخىچە تاماملىنمىغان ياكى پەقەت قىلىنمىغان بولسىمۇ قىلغانىنىڭ
ساۋابىغا ئېرىشىش 190
نۇسرەت قازىنىش ۋە ئىلاھىي ياردەم 193
ئېغىر كۈنلەر ۋە قىيىن پەيتلەردىكى ئاللاھنىڭ ياردىمى 197
جەمئىيەتلەرنىڭ قۇتۇلۇشى ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ تۈزۈلۈشى 202

## توققۇزىنچى بۆلۈم

## ئىخلاسنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى

چوڭقۇر ئىلىم 205
ئىخلاسمەن كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش 208
ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇش 212
نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش 217
ئاللاھقا سىغىنىپ دۇئا قىلىش ۋە ياردەم تىلەش 219

# كىرىش سۆز

ئىلاھىي دەستۇردىن پارچە:

﴿ئېيتقىنكى، نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان بارچە ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىمنىڭ ھەممىسى) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن﴾.

[سۈرە ئەنئام، 162ـ163 ـ ئايەت]

﴿ساڭا بىز (بۇ) كىتابنى ھەقىقەتەن ھەق بىلەن (يەنى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) نازىل قىلدۇق. دىنىڭنى (چوڭ ـ كىچىك) شېرىكتىن ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن﴾.

[سۈرە زۇمەر، 2 ـ ئايەت]

﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى﴾.

[سۈرە بەييىنە، 5 ـ ئايەت]

## تونۇشتۇرۇش

ئاللاھ تائالاغا كاتتىلىقى ۋە سەلتەنىتىنىڭ بۈيۈكلۈكىگە لايىق، كۆپلەپ ھەمدۇسانالار بولسۇن! بىز ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋەردىگار ئىزدىمەيمىز، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى ئىگىمىز دەپ قارىمايمىز، ئۇنىڭدىن باشقىسىنىڭ ھۆكمىنىمۇ خالىمايمىز، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى ۋە ھېچنەرسىنى شېرىك قىلمايمىز. ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھى مەبۇد يوق. دىنىمىزنى خالىس قىلغان ھالدا پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىمىز، گەرچە كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ...

نامىزى، قۇربانلىقى، ھاياتى ۋە ماماتىنى، يىغىپ ئېيتقاندا بارلىقىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان، ھېچ شېرىكى بولمىغان ئاللاھقا بېغىشلىغان، سۆزلىسىمۇ ئاللاھ ئۈچۈن سۆزلىگەن، جىم تۇرسىمۇ ئاللاھ ئۈچۈن جىم تۇرغان، غەزەپلەنسىمۇ ئاللاھ ئۈچۈن غەزەپلەنگەن، مەمنۇن بولسىمۇ ئاللاھ ئۈچۈن مەمنۇن بولغان، ياخشى كۆرسىمۇ ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن، يامان كۆرسىمۇ ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرگەن، بەرگەندىمۇ، بەرمىگەندىمۇ، سۈلھلەشكەندىمۇ ۋە ئۇرۇش قىلغاندىمۇ پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلغان، ئاللاھتىن باشقا ھېچنەرسىسى بولمىغان ۋە بىزلەرگە: ﴿ئى ئاللاھ! بىز ساڭا سىغىنىپ ئۆزىمىز بىلىدىغان بىرەر نەرسىنى ساڭا شېرىك

قىلىپ قويۇشىمىزدىن پاناھ تىلەيمىز، بىلمەيدىغان گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن سەندىن مەغپىرەت تىلەيمىز﴾ دەپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن يولباشچىمىز، يېتەكچىمىز، ئۈلگىمىز ۋە دوستىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالام يوللايمىز.

ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ساھابىلىرىدىن رازى بولسۇنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆز دىنى ئۈچۈنلا ئاپىرىدە قىلغانىدەك، ئۇلارمۇ دىنلىرىنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلدى، ئاللاھنى دەپ ھىجرەت قىلدى، ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بەردى، ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلدى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھەمدە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۇلارغا نىسبەتەن ئۆز ئاتىلىرىدىن، ئوغۇللىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن، توپلىغان مال - دۇنيالىرىدىن، زىيان تارتىشىدىن قورققان تىجارەتلىرىدىن ۋە مەمنۇن بولىدىغان ئۆي - ماكانلىرىدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بىلىنىدىغان ھالغا كەلدى. يەنە تاكى دەۋر قىيامەتكىچە شۇلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭغان بارلىق كىشىلەردىنمۇ ئاللاھ رازى بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەم، ئەي مۇسۇلمان قېرىندىشىم! مەن سىزگە تەقدىم قىلماقچى بولغان بۇ كىتابتا ئىمان شاخچىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىلىرى ئىچىدىكى مۇھىم بىر شاخچە ھەققىدە، دىنىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئاساسلىرىدىن بىر ئاساس ھەققىدە، رەببانىي كىشىلەرنىڭ ئەڭ كاتتا ئەخلاقلىرىدىن بىر ئەخلاق ھەققىدە يەنى ئۇنىڭسىز ھېچبىر ئەمەل قوبۇل بولمايدىغان، ھېچبىر ئەمەل ئۇنىڭسىز ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلمەيدىغان «ئىخلاس» ھەققىدە توختىلىمەن. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا - ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا،

سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن. رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن!﴾.

[سۈرە نەمل، 19 ـ ئايەت]

ئاللاھ تائالا ھەرقانداق ياخشى ئەمەلدىن پەقەت شۇ ئەمەلنىڭ ئۆزىدە ئىخلاس ھەقىقي ئەمەلىيلىشىپ، شېرىكلەرنىڭ چوڭى ۋە كىچىكى، ئاشكارىسى ۋە مەخپىيسى پۈتۈنلەي يوق بولغان چاغدىلا رازى بولىدۇ: ﴿كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك قىلمىسۇن!﴾.

[سۈرە كەھف، 110 ـ ئايەت]

نىيەت ساپ ۋە ئاللاھ ئۈچۈنلا خالىس بولمىسا، شەخسىي ھەم دۇنيالىق ھەرقانداق غەرەز ۋە ھەۋەسلەردىن خالىي بولمىسا، ئىخلاس مۇكەممەل بولمايدۇ. بۇ، ئىنسان قىلغان بارلىق ئەمەللىرىدە ئۆز نەپسىنىڭ نېسىۋىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ، پەقەت پەرۋەردىگارىغىلا باغلىنىش دېمەكتۇر. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاجىزلىقتا كۈچ بېرىدۇ، قورقۇنچتىن ئەمىن قىلىدۇ، كەمبەغەللىكتىن باي قىلىدۇ.

ئەي مۇسۇلمان قېرىندىشىم! مەن سىزنىڭ بۇ كىتابتىن ئۆز نەپسىڭىزگە قارشى كۈرەش قىلىشىڭىزغا ھەمدە تاكى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بولۇپ، بارلىقىڭىز پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا بولغانغا قەدەر نەپسىڭىزنىڭ ئاشكارا شەھۋەتلىرىدىنمۇ خەتەرلىك بولغان شەھۋەتلىرىگە قارشى تۇرۇشىڭىزغا ياردىمى بولىدىغان

مەلۇماتلارغا ئېرىشۋېلىشىڭىزغا تىلەكداشمەن: ﴿ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقۇغا ئېسىلغان بولىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر﴾.

[سۈرە لۇقمان، 22 ـ ئايەت]

ئى ئاللاھ! بىزلەرنى بىلىپ ئەمەل قىلىدىغان، ئەمەل قىلغاندىمۇ ئىخلاس بىلەن قىلىدىغان، ئىخلاس بىلەن قىلغان ئەمەللىرى دەرگاھىڭدا مەقبۇل بولىدىغان كىشىلەردىن قىلغىن!

ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى!
ئى ئاللاھ! ئىجابەت قىلغىن!!!

يۇسۇف قەرەداۋى

بىرىنچى بۆلۈم

# ئىخلاسنىڭ مەنىسى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىشىشتىكى ئۈچۈن زۆرۈرلۈكى

ئىخلاس قەلب ئەمەللىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەلب ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. چۈنكى، بارلىق ئەمەللەرنىڭ مەقبۇل بولۇشى پەقەت شۇ ئىخلاسقا باغلىقتۇر.

ئىخلاس دېمەك، بارچە ئەمەلدە پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەش، قىلغان ئەمەلنى ھەرقانداق شەخسىي ياكى دۇنيالىق غەرەزدىن ساپلاشتۇرۇش دېمەكتۇر. بۇنداق بولغاندا ئىنسان ھەرقانداق ئەمەلگە پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ئاخىرەت كۈنى ئۈچۈنلا ئىنتىلىدۇ. قىلغان ھېچبىر ئەمىلگە پايدا - مەنپەئەت، شەھۋەت، ئەمەل - مەنسەپ، مال - دۇنيا ۋە نام - ئاتاققا ئېرىشىش، كىشىلەرنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئېلىش، مەدھىيەلىشىنى كۆزلەپ، ئەيىبلىشىدىن قېچىش، خەقنى رازى قىلىش ياكى مەلۇم بىر بۆلەك كىشىلەرگە ياخشىچاق بولۇش، يوشۇرۇن ئۈچمەنلىكىنى پەسەيتىش ياكى ئىچىدىكى ھەسەتخورلۇق ياكى ئۆزىنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان تەكەببۇرلۇقنىڭ كەينىگە كىرىش ۋە ياكى بۇنىڭدىن باشقا خىلمۇخىل كىسەللەر، تۈرلۈك ھاۋايى - ھەۋەسلەر ۋە كىم بولسا بولسۇن، قانداق ئەمەل بولسۇن، قىلغان ئەمىلىدە ئاللاھتىن باشقىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشنى نىشان قىلغان

ئارىلاشما غەرەزلەردىن ئىبارەت كۆڭۈلنىڭ ئاشكارا ياكى مەخپىي ۋە دۇنيالىق ھەۋەسلىرىنى ئارىلاشتۇرمايدۇ.

ئەمەلدىكى ئىخلاسنىڭ ئاساسى ھەرقانداق ئەمەلدە «نىيەت»نى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىشتۇر.

«نىيەت»تىن مەقسەت ئىنسانىنىڭ ئىرادىسىنىڭ كۆزلەنگەن نىشانىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىدۇر.

ئەمەلدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇچى نىشان بولسا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر. ئىنسانىنىڭ ئەمەل قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان نىشانلار ئىنتايىن كۆپ ۋە خىلمۇخىلدۇر. ئۇنىڭدىن ماددىي ۋە مەنىۋىبولغانلىرى بار. شەخسكە خاس بولغىنىمۇ، كوللېكتىپقا ئائىت بولغىنىمۇ بار. دۇنيالىقمۇ، ئاخىرەتلىكىمۇ بار. ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغىنىمۇ ۋە ئىنتايىن مۇھىم بولغىنىمۇ بار. قورساقنىڭ ۋە ئەۋرەتنىڭ شەھۋىتىگە باغلانغىنىمۇ، ئەقىل بىلەن روھنىڭ لەززىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىرىمۇ بار. ھارام قىلىنغانلىرىمۇ ۋە رۇخسەت قىلىنغانلىرىمۇ بار. يەنە شۇنىڭدەك سۈننەت ۋە ۋاجىپ بولغانلىرىمۇ بار.

شەكسىزكى، ئىنسانىنىڭ ھاياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان بۇ نىشانلار ئىنسانلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى، ئۇلار ئىشىنىپ كېلىۋاتقان قىممەت - قاراشلىرىنى، ئىلىم - مائارىپلىرىنى، پىكىر - تەپەككۇرلىرىنى ھەمدە ئۆگىنىش، ئەمەلىي باشتىن ئۆتكۈزۈش، مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ۋە باشقىلارغا تەقلىد قىلىش دېگەندەك يوللار ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرگەن چۈشەنچىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

ھەقىقىي مۆمىن دېگەن قەلبىدىكى دىنىنىڭ كۈچى ھاۋايى -

ھەۋەسـنىڭ كۆپچىدىـن غالىـب كەلگەن، ئاخىرەتنىڭ نىشـانى بۇ دۇنيالىق نىشانلىرىنى بېسىپ چۈشكەن، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ـ مۇكاپاتلارنى كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ھەرقانداق نەرسىدىن ئەلا بىلگەن، بۇنىڭ نەتىجىسىدە نىيىتىنى، گەپ ـ سۆزىنى ۋە بارلىق ئەمىلىنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلغان، ئۆتىگەن نامازلىرىنى، بەرگەن قۇربانلىقلىرىنى، ھەتتا ھاياتى ۋە ماماتىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان يەككە ـ يېگانە ئاللاھقا بېغىشلىغان كىشىدۇر. مانا بۇ ھەقىقىي «ئىخلاس»تۇر.

## ئىخلاس ساپ تەۋھىدنىڭ سەمەرىسىدۇر

بۇ مەنىدىكى ئىخلاس ئاللاھ تائالا ئۈچۈن بولغان مۇكەممەل «تەۋھىد»نىڭ سەمەرىلىرىدىن بىرىدۇركى، ئۇ بولسا ئىبادەتتە ۋە ياردەم تىلەشتە ئاللاھ تائالانى يەككە ـ يېگانە دەپ بىلىشتۇر. بۇ ئۇقۇمنى ئاللاھ تائالا سۈرە فاتىھەدە مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: ﴿(ئى پەرۋەردىگارىمىز!) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾[1].

مۇسۇلمانلار نامازلىرىدا ھەر كۈنى ئەڭ ئاز دېگەندە 17 قېتىم پەرۋەردىگارى بىلەن مۇشۇ سۆز ئارقىلىق سىردىشىدۇ.

مۆمىن كىشى مۇشۇ ئىخلاس ئارقىلىق ئاللاھقا ھەقىقىي قۇل بولالايدۇ، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋىسىگە قۇل بولمايدۇ، ئۆز دۇنياسىغىمۇ، باشقىلارنىڭ دۇنياسىغىمۇ قۇل بولمايدۇ.

مۆمىن كىشى مۇشۇ ساپ ئىخلاس ئارقىلىق ئاللاھتىن باشقىغا

---

[1] سۈرە فاتىھە، 5 ـ ئايەت.

ھەرقانداق شەكىلدە قوبۇل بولۇشتىن قۇتۇلىدۇ. تەڭگە ـ تىللا، ئاياللار، ھاراق ـ شاراپ، زىبۇزىننەت، قىياپەت، يۈز ـ ئابرۇي، ئەمەل ـ مەنسەپكە قۇل بولۇش، ھېسسىيات ۋە ئادەتكە بويسۇنۇپ كېتىش، باشقىلار تەسلىم بولغان بۇ دۇنياغا ھەرخىل شەكىلدە قۇل بولۇشتىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ غەيرىگە قۇل بولۇشتىن ئازاد بولىدۇ. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرۇغان سۈپەتتىكى مۇسۇلمان بولىدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، ھەقىقەتەن مېنىڭ (ئۆتىگەن) نامازلىرىم، (بەرگەن) قۇربانلىقلىرىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان، ھېچبىر شېرىكى بولمىغان ئاللاھ ئۈچۈندۇر، مەن مۇشۇنداق قىلىشقا (يەنى قىلغان ھەرقانداق ئەمىلىمنى پەقەت يەككە ـ يېگانە ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىدۇرمەن﴾[1].

## ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەل قىلغۇچىلارغا ئىخلاسنىڭ زۆرۈرلۈكى

تەربىيە ۋە تەرىقەت ئەھلىدىن نۇرغۇن رەببانىي ئەربابلار ئاخىرەتنى كۆزلەپ ياشىغان ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن قىلغان بارلىق ئەمەللىرىدە ئاللاھقا ئىخلاس قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى ۋە زۆرۈر ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن.

ئىمام ئەبۇ ھامىد غەززالىي «ئىھيائۇل ئۇلۇمۇددىن» ناملىق ئەسىرىنىڭ «نىيەت، ئىخلاس ۋە سەمىمىيەت» بۆلۈمىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ساغلام قەلبلىك كىشىلەرگە ئىمان پاراستى ۋە قۇرئان

---

[1] سۈرە ئەنئام، 161 ــ 162 ـ ئايەتلەر.

نۇرى ئارقىلىق شۇ ئايان بولدىكى، ئىلىم ۋە ئىبادەتسىز ھەرگىز بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئالىملاردىن باشقا بارلىق ئىنسانلار ھەممىسى ھالاك بولغۇچىلاردۇر، ئىلمىگە ئەمەل قىلغانلاردىن باشقا ئالىملار ھەممىسى ھالاك بولغۇچىلاردۇر، قىلغان ئەمىلىدە ئىخلاسمەن بولغانلاردىن باشقا ئەمەل قىلغۇچىلار ھەممىسى ھالاك بولغۇچىلاردۇر. ئىخلاسمەنلەر ئىنتايىن خەتەر ئۈستىدە تۇرغۇچىلاردۇر. چۈنكى، نىيەتسىز قىلىنغان ئەمەل بىھۇدە ئاۋارىچىلىقتۇر. ئىخلاس بولمىغان نىيەت رىيادۇر. رىيا دېگەن نىفاققا يېتەرلىك بولۇپ، ئاسىيلىق قىلغانغا باراۋەردۇر. سەممىيەت بولمىغان ھەمدە نىشان مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن ئىخلاس ئۇچۇپ يۈرگەن چاڭ ـ توزان كەبىدۇر. ئاللاھ تائالا «ئاللاھتىن باشقا بىرىنى كۆزلەش» غەرىزى ئارىلاشقان ھەرقانداق ئەمەل توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز (يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن ياكى ئىمانى بولسىمۇ قىلغان ئەمىلىدە ئىخلاسى بولمىغانلىقى، پەقەت بىر ئاللاھقىلا خالىس بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)»[1].

ئىمام غەززالىيدىن بۇرۇن ئۆتكەن ۋە ئاللاھنى ھەقىقي تونۇغان رەببانىي ئالىم سەھل ئىبنى ئابدۇللاھ تەستەرىيمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بىر گەپنى قىلغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆلىمالاردىن باشقا كىشىلەر ھەممىسى مەستتۇر. بىلگەن ئىلمىگە ئەمەل قىلمىغان ئالىملارنىڭ ھەممىسى تېڭىرقاپ قالغۇچىلاردۇر».

يەنە بىر ئىبارىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ دۇنيادا

[1] سۈرە فۇرقان، 23 ـ ئايەت.

ئىلىمدىن باشقىسى جاھالەت ۋە ئۆلۈمدۇر. ئەمەل قىلىنمىغان بارچە ئىلىم ئۆز ساھىبىغا قارشى پاكىتتۇر. ئىخلاس بولمىغان ئەمەلنىڭ ھەممىسى چاڭ - توزاندۇر. ئىخلاس تاكى ئىنساننىڭ ھاياتى شۇ ئىخلاس بىلەن ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئىنتايىن خەتەر ئۈستىدىدۇر».

يەنە بىرەيلەن مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ئۇرۇق، ئەمەل زىرائەت، ئۇنىڭ سۈيى ئىخلاستۇر».

ئىبنى ئاتائۇللاھ «ھىكەم» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئورتاق ئەمەلنى ۋە ئورتاق قەلبنى ياقتۇرمايدۇ. ئورتاق ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئورتاق قەلبكە قارىمايدۇ».

شەكسىزكى، ئىخلاس بولمىغان ئىلىم بەئەينى جانسىز سۈرەت، روھسىز جەسەتتۇر. ئاللاھ تائالا ئەمەللەرنىڭ شەكلى ۋە كۆرۈنۈشىنى ئەمەس، بەلكى تەگ، ماھىيىتىنى خالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى ئۇستا سەرراپ ساختا پۇلنى قايتۇرۇۋەتكەندەك، ئاللاھ تائالامۇ ھەرقانداق ساختا ئەمەلنى ئۆز ساھىبىغا قايتۇرۇۋېتىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ بەدىنىڭلارغا ۋە تۇرقۇڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى قەلبىڭلارغا قارايدۇ» دەپ بارمىقى بىلەن كۆكرىكىنى كۆرسەتكەن ۋە: «تەقۋالىق بۇ يەردە بولىدۇ» دەپ كۆكرىكىگە ئۈچ قېتىم ئىشارەت قىلغان[1].

ئاللاھ تائالا ھەج ۋە ئۆمرە قىلغۇچىلار ئېلىپ كېلىدىغان

[1] مۇسلىم، كىتابۇل بىرر ۋەسسىلە، 2564 - ھەدىس.

قۇربانلىق ماللار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھقا ھەرگىز ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يەتمەيدۇ، ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر﴾[1].

## ئىخلاس بۇ ھاياتنىڭ ئىسلاھاتىنىڭ تەقەززاسىدۇر

ئىسلام دىنىنىڭ ئىخلاسنى تەلەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى ھەمدە نىيەتنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىش ۋە نىشانىنى يەككە - يېگانە ئاللاھ تەرەپكە توغرىلاشنى قاتتىق تەكىتلىشى ھەرگىزمۇ ئىنسانلارنى تار يەردە قىستىغانلىق ياكى بىھۇدىلىك ئەمەس. چۈنكى، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ ئىخلاسمەن كىشىلەرسىز ھەرگىز نورمال بولمايدۇ ۋە تەرەققىي قىلمايدۇ. تارىختىن بۇيان كۆپلىگەن خەلق ۋە توپلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەت ۋە بالايىئاپەتلەر پەقەت ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كىشىلەر سەۋەبىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر دۇنيانىڭ قۇللىرى ۋە قىرغىنچىلىق سەۋدايىلىرىدۇركى، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيالىرى ۋە ھاۋايى - ھەۋەسلىرىنى دەپ باشقىلارنىڭ دۇنياسىنى دىنى بىلەن قوشۇپ ۋەيران قىلىۋېتىشكە، ساناقسىز بىنالارنى خارابىلىككە، تۇرالغۇلارنى قەبرىستانلىققا ۋە ھاياتنى ماماتقا ئايلاندۇرۇۋېتىشكە قىلچە پىسەنت قىلماي كېتىمەيدۇ.

ياكى ئۇلار بىر ئۇچۇم ئەمەل - مەنسەپ ۋە ھوقۇق قوغلاشقۇچىلىرى، نام - ئاتاق ۋە يۈز - ئابرۇينىڭ قۇللىرى، شەخسىي شان - شەرەپ ۋە يولسىز قەھرىمانلىقنىڭ ئاشىنالىرىدۇركى، بۇلار شان - شەرەپ ۋە ئەمەل - مەنسەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن ياكى ئېرىشكەنلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن

[1] سۈرە ھەج، 37 - ئايەت.

دىيارلارنى خاراب قىلىۋېتىشكە، بىرەر مىللەتنى، بەلكى بىرقانچە مىللەتنى پۈتۈنلەي قىرىپ تۈگىتىۋېتىشكە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى پەقەت ۋە پەقەت باشقىلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن چاۋاك چېلىشى، ئالقىش سادالىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ياڭرىشى، قەلەملەرنىڭ ئۆزلىرىنى ماختاپ ئۇچۇرۇشلىرى، ئالدانغان بىچارە ئاممىنىڭ شۇلار ئۈچۈن ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىشلىرى، ھاكىمىيەتنىڭ ئەۋرىشىم كۇرسىلىرىدىن داۋاملىق ئۆزلىرىلا بەھرىمەن بولۇشلىرى ئۈچۈندۇر.

ئۇلاردىن ھەربىرىنىڭ شوئارى «يا مەن ياشايمەن، يا بۇ دۇنيا خاراب بولىدۇ» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

شەكسىزكى، ئىسلام دىنى مۇسۇلماننىڭ بەزىدە ئاللاھ ئۈچۈن، يەنە بەزىدە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئۈچۈن ئىككى يۈزلىمچىلىك بىلەن ياشىشىغا، ھاياتىنىڭ بىر قىسمىنى ئاللاھ ئۈچۈن، يەنە بىر قىسمىنى تاغۇت ئۈچۈن ئىككى بۆلەككە بۆلۈۋېتىشىگە قاراپ تۇرمايدۇ. ئىسلام دىنى بىز بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا قەدەمدە بىر ئۇچرىتىۋاتقان بۇنداق يىرگىنىشلىك ئىككى يۈزلىمچىلىكنى ۋە ئاسسىمىلياتسىيەچىلىكنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. مەسىلەن، بىز بىر كىشىنىڭ مەسچىتتە ياكى رامىزان ئېيىدا مۇسۇلمان، ئەمما رېئال تۇرمۇشىدا ياكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدە ۋە خىلمۇخىل پوزىتسىيەلىرىدە باشقا بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. شەكسىزكى، ئىخلاس مۇسۇلماننىڭ پۈتۈن ھاياتىنى بىردەكلىككە ئىگە قىلىدۇ. پۈتۈن ھاياتنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆتىگەن نامازلىرى، بەرگەن قۇربانلىقلىرى، ھاياتى ۋە ماماتىنى، يىغىپ ئېيتقاندا ئىنساننىڭ بارلىقىنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقىلا خاس قىلىدۇ.

ئىككىنچى بۆلۈم

# نىيەتنىڭ ئىخلاسنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئەھمىيتى

## نىيەت ۋە ئۇنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىش

ئەمەلدىكى ئىخلاس مۇنداق ئاساسىي ئىككى ئامىل ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ:

1. قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئەمەلدە نىيەت قىلىش ئارقىلىق... چۈنكى، بارلىق ئەمەللەرنىڭ مەقبۇل بولۇشى نىيەتكە باغلىق. قانداق بىر ئادەم قىلغان ئەمەلنى ياخشى ياكى يامان نىيەتسىز، ئاپتوماتىك ھالدا ئادا قىلسا، بۇ كىشى ھەرگىزمۇ ئىخلاسمەنلەرنىڭ توپىغا قېتىلالمايدۇ.

2. نىيەتنى تاكى نىيەت ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بولغانغا قەدەر شەخسىي ۋە دۇنيالىق غەرەزلەردىن خالىي قىلىش ئارقىلىق...

## نىيەتنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى بايانى

ئەمەلدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ نىيەت قۇرئان كەرىمدە خىلمۇخىل ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، مەسىلەن، ئاخىرەتنى كۆزلەش، ئاللاھنىڭ زاتىنى كۆزلەش ياكى ئاللاھنىڭ زاتىنى ئىزدەش ۋە ياكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى

ئىزدەش دېگەندەك ئىبارىلەر قوللىنىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاراڭلاردا بۇ دۇنيانى كۆزلەيدىغانلارمۇ ۋە ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغانلارمۇ بار﴾[1].

﴿كىمكى دۇنيالىق پايدىنى كۆزلىسە، بىز ئۇنىڭغا دۇنيادىن مەلۇم مىقداردا بېرىمىز (ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكتىن نېسىۋىسى بولمايدۇ). كىمكى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى بېرىمىز﴾[2].

﴿(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنى (يەنى دۇنيا نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ﴾[3].

بۇنداق ئادەملەر دۇنيانىڭ قۇللىرىدۇركى، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئىرادىسى ۋە تىرىشچانلىقلىرىنى مۇشۇ دۇنياغىلا بېغىشلىغانلاردۇر.

﴿بىز دۇنيانى كۆزلىگەنلەر ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە (ئۇنىڭ خالىغىنىنى ئەمەس) ئۆزىمىز خالىغىنىمىزنى بېرىمىز، ئاندىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەم بىلەن جازالايمىز، جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان، (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە

---

[1] سۈرە ئال ئىمران، 152 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 145 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ھۇد، 15ــ16 ـ ئايەتلەر.

لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، بۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەملى (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ﴾[1].

بۇ ئىككى ئايەت ئىنسانلارنى ئىككى تۈركۈمگە ئايرىغان: بىرى، بۇ دۇنيانى كۆزلەيدىغانلار بولۇپ، بۇنداقلارنىڭ شۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نىشانى بولمايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇ ئايەت ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك جەھەننەم بولىدۇ. يەنە بىرى، ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغانلار بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر ئاخىرەتنى ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر نىشانى قىلغان، بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنى ئاخىرەت ئۈچۈن بېغىشلىغان كىشىلەردۇر. بۇلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ مۇشۇ ئايەت ئوتتۇرىغا قويغانىدەك بولىدۇ.

ئۇنداق بولغانىكەن، جازا ـ مۇكاپات «ئىرادە» ۋە «نىشان»غا باغلىق بولىدۇ. قېنى سىز ماڭا مەقسەت ۋە نىشانىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، مەن سىزگە ئاقىۋىتىڭىز ۋە مۇكاپاتىڭىزنى دەپ بېرەي!

بۇ ئۇقۇم قۇرئان كەرىمدە قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىدۇ:

﴿كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەملى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز. كىمكى (ئەملى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئىتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز. ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق﴾[2].

﴿ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەتىگەنىدە ۋە ئاخشامدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدىغانلارنى (يېنىڭدىن) قوغلىۋەتمىگىن. ئۇلارنىڭ ھېسابىدىن ساڭا ھېچنەرسە

[1] سۈرە ئىسرائ، 18 ــ 19 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە شۇرا، 20 ـ ئايەت.

يۈكلەنمەيدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن سەن جاۋابكارلىققا تارتىلمايسەن). سېنىڭ ھېسابىڭدىنمۇ ئۇلارغا ھېچنەرسە يۈكلەنمەيدۇ. ئۇلارنى قوغلىۋەتسەڭ، زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن﴾[1].

﴿سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل ـ مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بىرەر پۇل ـ مال بەرسەڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ (يەنى كىشىلەر بەرگىنىمدىن جىقراق قايتۇرسۇن دېگەن نىيەتتە بېرىلگەن سوۋغىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساۋابى بولمايدۇ). ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلەرگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ﴾[2].

﴿پاكلىنىش ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلغان ئادەم ئۇنىڭدىن (يەنى دوزاختىن) يىراق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى بىراۋنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر﴾[3].

﴿سىلەر (مال ـ مۈلكۈڭلارنى) پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ چىقىم قىلىسىلەر﴾[4].

﴿ماللىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش ۋە نەپسلىرىنى (سەدىقە ـ ئېھسانغا) ئادەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن سەرپ قىلىدىغانلار ئېگىزلىككە جايلاشقان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا مېۋىسى ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدىغان، قاتتىق يامغۇردىن

---

[1] سۈرە ئەنئام، 52 ـ ئايەت.

[2] سۈرە رۇم، 39 ـ ئايەت.

[3] سۈرە لەيل، 17 ـ 20 ـ ئايەتلەر.

[4] سۈرە بەقەرە، 272 ـ ئايەت.

بەھرىمەن بولالمىسا شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان (يەنى قايسى ھالدا بولسۇن مېۋە بېرىدىغان) بىر باغقا ئوخشايدۇ. (دېمەك، بۇنداق خەير - ساخاۋەتلىك ئادەم مېلى كۆپ بولسا كۆپكە يارىشا، ئاز بولسا ئازغا يارىشا بېرىدۇ). ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

﴿ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبەتلىرىنىڭ تولىسىدا ياخشىلىق يوقتۇر. پەقەت سەدىقىگە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە بۇيرۇغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭ سىرتىدا. كىمكى ئۇ (ئىش)لارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز﴾[2].

مەن بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىشنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمەن: ئاللاھنىڭ ساۋابىنى كۆزلەش بىلەن ئاخىرەتنى كۆزلەشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىتلىق يوق. بۇ، ئىككى يۈزلىمىچىلىك ئەمەس. ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئاراڭلاردا بۇ دۇنيانى كۆزلەيدىغانلارمۇ، ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغانلارمۇ بار﴾[3] دېگەن سۆزىگە قارىتا «ئۇنداقتا ئاللاھنى كۆزلەيدىغانلار نەدە؟» دېگەن سوئال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدىغانلارنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشلىرى قىلچە ئەھمىيەتسىز، بىمەنە سۆزدۇر. چۈنكى، ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغانلار پەقەت ئاللاھنى كۆزلەيدىغانلاردۇر. ئاخىرەتنى كۆزلەش دېمەك، ئاللاھنىڭ ساۋابى ۋە رازىلىقىنى كۆزلەش، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب - مۇكاپاتنى ئۈمىد قىلىش دېمەكتۇر.

---

[1] سۈرە بەقەرە، 265 - ئايەت.

[2] سۈرە نىسائ، 114 - ئايەت.

[3] سۈرە ئال ئىمران، 152 - ئايەت.

ئىخلاسمەن كىشىلەر جەننەتنى ئۈمىد قىلىپ، دوزاختىن قورققانلىقىغا قارىتا ئەيىبلەنمەيدۇ. قۇرئان كەرىممۇ پەيغەمبەرلەرنى ۋە سالىھلارنى ئۈمىد قىلىش، قورقۇش، قىزىقىش، ئەيمىنىش دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەن تۇرسا، قۇرئان كەرىمدىنمۇ ئېنىقراق ۋە توغرىراق بايان بارمۇ؟!

جەننەت پەقەت ماددىي نېمەت ماكانى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەڭ كاتتا رازىلىق ۋە ئاللاھنىڭ يۈزىگە قاراش بىلەن لەززەتلىنىش ماكانىدۇر: ﴿بۇ كۈندە (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ، (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ﴾[1].

ئەمما كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلار شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇ كۈندە پەرۋەردىگارىغا قاراشتىن چەكلىنىدۇ. بۇ چەكلىمە ئەڭ قاتتىق ئازابتۇر.

## نىيەتنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ ھەدىستىكى بايانى

«نىيەت» ۋە «ئىخلاس»نىڭ پەزىلىتى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ، مەن ئۇ ھەدىسلەردىن ئىمام مۇنزىرىي «تەرغىب ۋە تەرھىب» ناملىق كىتابىدا زىكرى قىلغانلىرىدىن تاللاپ ئالغان بىر قىسمىلىرىنىلا بايان قىلىپ ئۆتىمەن. ئىمام مۇنزىرىي بۇ كىتابىنى ۋە باشقا بارلىق كىتابلىرىنى «غار ۋەقەلىكى»نىڭ ساھىبلىرى بولغان ئۈچ كىشى ھەققىدە كەلگەن ھەدىس بىلەن باشلىغان بولۇپ، بۇ ھەدىس بارلىق مۇھەددىسلەرنىڭ بايراقدارلىرى بولغان ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم بىردەك رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر. مەن بۇ

[1] سۈرە قىيامە، 22 — 23 - ئايەتلەر.

ھەدىسنى ئىخلاسنىڭ نەتىجىلىرى ھەققىدە توختالغان چاغدا سۆزلەپ ئۆتىمەن.

ئىمام مۇنزىرىي ئىككىنچى قىلىپ ئاللاھنىڭ ئەجرىنى ۋە باشقىلارنىڭ ماختىشىنى كۆزلەپ غازات قىلغان كىشى ھەققىدە سورىغان كىشىنىڭ ۋەقەلىكىدە سۆزلەنگەن ئەبۇ ئۇمامەنىڭ ھەدىسىنى نەقىل قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كىشىگە جاۋابەن ئۈچ قېتىم: «ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئەجىر يوق» دېگەن. ئاندىن كېيىن: «شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئەمەللەر ئىچىدىن پەقەت ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن بولغاننى ۋە ئۆزىنىڭ رازىلىقى كۆزلەنگەننىلا قوبۇل قىلىدۇ»[1] دېگەن.

ئۈچىنچى قىلىپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەشھۇر ھەدىسىنى بايان قىلغان: «بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر. ھەركىم پەقەت نىيەت قىلغان نەرسىسىگىلا ئېرىشىدۇ. كىمكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولغان بولىدۇ. كىمكى بۇ دۇنيادا پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى پەقەت نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ»[2].

---

[1] ئىمام نەسائىي رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىككى ئىمام، ئىمام تىرمىزىي ۋە ئىمام نەسائىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس سۈننەتنىڭ ئاساسلىرىدىن، بەلكى ئىسلامنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى دەپ قارىلىدۇ. بىر قىسىم سەلەپ ئالىملار: بۇ ھەدىس ئىسلامنىڭ تۆتتىن بىرى دېگەن بولسا، يەنە بىر قىسمى: ئىسلامنىڭ ئۈچتىن بىرى دېگەن. ئىمام شافىئىي بۇ ھەدىس ھەققىدە: نىيەت ھەدىسى ئىلىمنىڭ 70 بابىغا چېتىلىدۇ، دېگەن ئىكەن. شەكسىزكى، نىيەت ئىبادەتلەرنىڭ مەقبۇل بولۇش شەرتىدۇر. شۇنىڭدەك، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مۇباھ ئىشلارمۇ شۇ نىيەت ئارقىلىق تائەت ـ ئىبادەتلەرگە ئايلىنىدۇ. بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ھەدىسلەر بار.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر قوشۇن كەبىگە ۋەيران قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، بىر تۈزلەڭلىككە كەلگەندە ئۇ قوشۇننىڭ ھەممىسىنى يەر يۇتۇۋېتىدۇ» دېدى. مەن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قانداقسىگە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەر يۇتۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولمىغان، جەڭگە قاتناشمايدىغان سودىگەرلەرمۇ بار تۇرسا؟! دەپ سورىغىنىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەر يۇتۇۋېتىدۇ، كېيىن ئۇلار نىيىتىگە يارىشا تىرىلدۈرۈلىدۇ (يەنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ نىيىتىگە قاراپ ھېساب ئالىدۇ)» دېدى[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ نىيەتلىرىگە قاراپ تىرىلدۈرۈلىدۇ»[2].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ زات مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تەبۇك غازىتىدىن قايتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن كىشىلەر كەينىمىزدە مەدىنىدە قالدى. مەيلى بىز جىلغىلاردىن ياكى چىغىر يوللاردىن ماڭايلى، ئۇلار ھامان بىز بىلەن بىللە بولغان بولىدۇ. ئۇلار

---

لېكىن گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ۋە ھارام ئىشلارغا نىيەت تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم مەسچىت سېلىش ئۈچۈن جازانە ئېلىپ ئەكەلگەن بولسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياخشى نىيىتىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا پاكتۇر، پەقەت پاكنىلا قوبۇل قىلىدۇ.

[1] ئىككى ئىمام رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

پەقەت ئۆزرە سەۋەبىدىن ئورۇشقا چىقالمىدى» دېدى[1].

ئەبۇ داۋۇدنىڭ بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ھەقىقەتەن سىلەر مەدىنىدە بىر بۆلەك كىشىلەرنى قالدۇرۇپ چىقتىڭلار، سىلەر قانچىلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتسەڭلار، قانچىلىك چىقىم تارتساڭلار، قانداق بىر ۋادىنى كەزسەڭلار، ئۇلار ھامان سىلەر بىلەن بىرگە بولغان بولىدۇ» دېگەندە ساھابىلەر: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار مەدىنىدە قالغان تۇرسا، قانداقسىگە بىز بىلەن بىرگە بولغان بولىدۇ؟ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئۇلار كېسەل سەۋەبىدىن قېپقالدى» دېدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرنىڭ تۇرقۇڭلارغا ۋە قىياپىتىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى قەلبىڭلارغا قارايدۇ»[2].

ئەبى كەبشە ئەنمارىي رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ زات پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ: «ئۈچ تۈرلۈك ئىش بار، مەن ئۇنى سىلەرگە قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دەپ بېرەي، ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار: ھېچكىمنىڭ مېلى سەدىقە بەرگەنلىكتىن كېمىيىپ كەتمەيدۇ. قانداق بىر بەندە زۇلۇمغا ئۇچراپ، ئۇنىڭغا سەبىر قىلسا، ئاللاھ ئۇنى تېخىمۇ ئېزىز قىلىدۇ. قانداق بىر

[1] ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس مەيلى ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى ئورۇنداشتا بولسۇن ياكى چەكلىمىلىرىدىن يېنىشتا بولسۇن دىندا قەلب ئەمەللىرىنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەللى قەلبلەرنىڭ ئەمەللىرىدۇر. ئەڭ خەتەرلىك گۇناھ ـ مەسىيەتمۇ قەلبلەرنىڭ مەسىيىتى بولۇپ، قەلبنىڭ مەسىيىتى ئىنساننى ھالاك قىلىدۇ.

بەندە تىلەمچىلىكنىڭ ئىشىكىنى ئاچسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا نامراتچىلىقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىدۇ». ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر سۆزنى قىلغان، دەيدۇ.

«ئېسىڭلاردا ساقلىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن سۆزلەپ بېرىدىغان سۆزۈم شۇكى، ھەقىقەتەن دۇنيادا تۆت تۈرلۈك ئادەم بولىدۇ. بىرىنچىسى، ئاللاھ ئۇنىڭغا مال ۋە ئىلىم بەرگەن، ئۇ شۇ نەرسىلەر ھەققىدە ئۆز رەببىدىن قورقىدىغان، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى يەتكۈزىدىغان ۋە ئاشۇ نېمەتلەردىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى بىلىدىغان ئادەم بولۇپ، مانا بۇ ئەڭ ئەۋزەل مەرتىۋە ئىگىسىدۇر. ئىككىنچىسى، ئاللاھ ئىلىم بېرىپ، مال بەرمىگەن، دۇرۇس نىيەتلىك ئادەم بولۇپ، ئۇ مېنىڭمۇ مېلىم بولغان بولسا، پالانىدەك ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلار ئىدىم، دەيدۇ. ئۇنىڭ نىيىتىگىمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى ئەجىردە يۇقىرىدىكى كىشى بىلەن باراۋەر بولىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئاللاھ مال بېرىپ، ئىلىم بەرمىگەن، ئۆز بايلىقى ئىچىدە نادانلارچە ئېزىپ يۈرگەن ئادەم بولۇپ، ئۇ مېلىنى قالايمىقان ئىشلىتىشتە ئاللاھتىن قورقمايدۇ، تۇغقاندارچىلىقنى يەتكۈزمەيدۇ ۋە ئۇ مالدا ئاللاھنىڭ ھەققى بار دەپ بىلمەيدۇ. مانا بۇ ئەڭ رەزىل ئادەمدۇر. تۆتىنچىسى، ئاللاھ مالمۇ، ئىلىممۇ بەرمىگەن ئادەم بولۇپ، ئۇ: مېنىڭمۇ مېلىم بولغان بولسا، ئەلۋەتتە پالانىدەك يامان ئىشلارنى قىلغان بولاتتىم، دەيدۇ. بۇ ئادەممۇ مۇشۇ نىيىتى بىلەن گۇناھتا يۇقىرىدىكى كىشى بىلەن باراۋەر بولىدۇ»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

---

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ بەندەم بىرەر يامان ئىش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكسىمۇ تاكى ئۇ ئىشنى ئەمەلىيەتتە قىلمىغىچە ئۇ يامانلىقنى ئۇنىڭغا يازماي تۇرۇڭلار. ئەگەر ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلسا، ئۇنى ئەينەن (يەنى بىر يامانلىق پېتى) يېزىپ قويۇڭلار. ئەگەر ئۇ بەندە ئۇ يامانلىقنى مېنى دەپ (يەنى مەندىن قورقۇپ) تەرك ئەتسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يېزىڭلار. ئەگەر ئۇ بىرەر ياخشىلىق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلالمىسىمۇ ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يېزىڭلار. ئەگەر ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ ئەمەلگە ئوخشاش 10 دىن 700 گىچە ياخشىلىق يېزىڭلار»[1].

ئىمام مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ناۋادا بەندەم بىرەر ياخشى ئىشنى قىلىدىغانلىقنى ئېيتسا، گەرچە ئەمەلىيەتتە قىلمىغان تەقدىردىمۇ مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يازىمەن. ئەگەر ئۇ ئىشنى ئەمەلىيەتتە قىلسا، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنىڭغا ئوخشاش 10 ياخشىلىق يازىمەن. ئەگەر بەندەم بىرەر يامان ئىشنى قىلىدىغانلىقنى ئېيتسا، ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلمىغان بولسا، مەن ئۇنىڭ ئۇ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىمەن. ئەگەر ئۇ يامان ئىشنى ئەمەلىيەتتە قىلغان بولسا، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يامانلىقنى ئەينەن (يەنى بىر يامانلىق پېتى) يازىمەن. ئەگەر ئۇ ئىشنى قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يېزىڭلار. شەكسىزكى، ئۇ شۇ يامانلىقنى مېنى دەپ تەرك ئەتتى».

مەئن ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

مۇنداق دەيدۇ: دادام يەزىد سەدىقە قىلىش ئۈچۈن مەسچىتتىكى بىر كىشىنىڭ يېنىدا بىر قانچە دىنارنى قويۇپ قويۇپتۇ. مەن مەسچىتكە كېلىپ ئاشۇ پۇلنى ئېلىپ، دادامنىڭ يېنىغا كەپتىمەن. دادام: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ پۇللارنى ساڭا بېرىشنى نىيەت قىلمىغان ئىدىم، دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز تالاش - تارتىش قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى يەزىد! سېنىڭ نىيەت قىلغىنىڭنىڭ ئەجرى ساڭا تېگىشلىك بولدى. ئى مەئىن! سەن ئالغىنىڭمۇ ساڭا تەئەللۇق بولدى» دېدى[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى مۇشۇ كېچە چوقۇم سەدىقە قىلىمەن دەپ سەدىقىسىنى ئېلىپ چىقىپ، بىر ئوغرىغا بېرىپ قويۇپتۇ. تاڭ ئاتقاندا كىشىلەر: بۈگۈن كېچە بىر ئوغرىغا سەدىقە قىلىنىپتۇ، دېيىشىپتۇ. سەدىقە بەرگەن كىشى: ئى ئاللاھ! ساڭا ھەمدىلەر بولسۇن. مەن ئوغرىغا سەدىقە قىلىپ ساپتىمەن. مەن يەنە سەدىقە قىلىمەن، دەپ سەدىقىسىنى ئېلىپ چىقىپ، بىر پاھىشە ئايالغا بېرىپ قويۇپتۇ. تاڭ ئاتقاندا كىشىلەر: بۈگۈن كېچە بىر پاھىشە ئايالغا سەدىقە بېرىلىپتۇ، دېيىشىپتۇ. ئۇ كىشى: ئى ئاللاھ! ساڭا ھەمدىلەر بولسۇن. قىلغان سەدىقەم ئەمدى بىر پاھىشىگە كېتىپ قاپتۇ، مەن يەنە سەدىقە بېرەي دەپ چىقىپتۇ ۋە سەدىقىسىنى بىر بايغا بېرىپ قويۇپتۇ. تاڭ ئاتقاندا كىشىلەر: بۈگۈن كېچە بىر بايغا سەدىقە بېرىلىپتۇ، دېيىشىپتۇ. ئۇ كىشى: ئى ئاللاھ! ساڭا ھەمدىلەر بولسۇن. قىلغان سەدىقىلىرىم ئوغرىغا،

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

پاھشىگە ۋە بايلارغا كېتىپ قالدى، دەپتۇ. كېيىن ئۇ كىشىگە چۈشىدە مۇنداق دېيىلىپتۇ: سېنىڭ ئوغرىغا بېرىپ قويغان سەدىقەڭ ئۇنىڭ ئوغرىلىقتىن قول ئۈزۈشىگە، پاھىشە ئايالغا بەرگەن سەدىقەڭ ئۇنىڭ زىنادىن قول ئۈزۈپ، ئىپپەتلىك بولۇشىغا، بايغا بېرىپ قويغان سەدىقەڭگە كەلسەك، شۇ ئارقىلىق باينىڭ سېنى ئۆلگە قىلىپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن نەرسىلەردىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشىغا سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن»[1].

بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە نەسائىيلارمۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ ئىككىيلەن: «سېنىڭ سەدىقەڭ قوبۇل بولدى» دەپ رىۋايەت قىلغان.

يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان ھەدىسلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن ھەدىسلەر ھەمدە ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى بىر- مۇنچىلىغان ئايەتلەر بۇ دىندا نىيەتنىڭ ھەقىقەتەن قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئەمەلنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ «نىيەت» ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

بىراق، بۇ ھەدىسلەردە شۇنچىۋالا كۆپ تەۋسىيە قىلىنغان نىيەت زادى قانداق نەرسە؟

## نىيەتنىڭ ماھىيتى

جەۋھەرىي «سەھھاھ» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «نىيەت دېگەن قەتئىي ئىرادىدۇر».

خەتتابىي مۇنداق دەيدۇ: «نىيەت سېنىڭ دېگەن بىر

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

نەرسىنى كۆڭلۈڭگە پۈكۈشۈڭ ۋە سەندىن تەلەپ قىلىنغانغا ئىنتىلىشىڭدۇر».

بەيزاۋى مۇنداق دەيدۇ: «نىيەت دېگەن ئىنسان ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بىرەر پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئۆز نىشانىغا ئۇيغۇن دەپ قارىغان نەرسە تەرەپكە قەلبنىڭ ئىنتىلىشىدۇر».

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شەرئىەت نىيەتنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىش مەقسىتىدە قىلىنغان ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتكە قارىتىلغان ئىرادىگە خاس قىلغان».

ئىراقىي «تەقرىيب» ناملىق كىتابنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «نىيەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە خىلمۇخىل قاراشلار مەۋجۇت. بەزىلەر: نىيەت دېگەن تەلەپتۇر دېسە، يەنە بەزىلەر: تەلەپ قىلىشتا چىن بولۇشتۇر، دېگەن. جۈملىدىن ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن: كىمكى دۇنيانى نىيەت قىلسا، دۇنيا ئۇنى يېڭىپ تاشلايدۇ».

ئىمام زەركەشىي «قەۋائىد» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «نىيەتنىڭ ماھىيىتى مەقسەتنى مۇئەييەن بىر نىشانغا باغلاشتۇر. بۇ ھەقتە مەشھۇر بولغان قاراش: نىيەت كۆڭۈلدىكى مەقسەتنى ئەمەلنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىشتۇر».

ماۋەردىي مۇنداق دېگەن: «نىيەت دېگەن ئىنساننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈشىدۇر. ئەگەر ئىنسان بىرەر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ،

ئەمەلىيەتتە قىلىشنى كىچىكتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇ ئىرادىدۇر»[1].

## نىيەت كەسكىن ئىرادىدۇر

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز يۇقىرىدا نەقىل قىلغان بىرقانچە سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە ئەمەل بىلەن ئىسپاتلانمىغان تەقدىردىمۇ جازا ـ مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقنى ئۇقتۇرغان نىيەت بولسا مەيلى ياخشىلىق بولسۇن ياكى يامانلىق بولسۇن، ۋاجىپ بولسۇن ياكى سۈننەت بولسۇن، ھارام بولسۇن ياكى مەكرۇھ بولسۇن ۋە ياكى مۇباھ بولسۇن، پەقەتلا ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتكە قارىتىلغان سەمىمىي، كەسكىن ئىرادىدە ئەكس ئېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نىيەت كۆڭۈلدىكى غەرەزنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ «ئىنساننى ئەمەل قىلىشقا ئۈندىگۈچى ئامىل دۇنيامۇ ياكى ئاخىرەتمۇ؟ ئاللاھنىڭ رازىلىقىمۇ ياكى كىشىلەرنىڭ رازىلىقىمۇ؟» دېگەنلەرگە قاراپ بەزىدە ياخشى بولۇپ، مەدھىيىلەشكە لايىق بولسا، بەزىدە يامان بولۇپ، ئەيىبلەشكە تېگىشلىك بولىدۇ.

ئۇنداقتا، نىيەت دېگەن پەقەت مۇنداقلا كۆڭۈلگە كەچكەن، ئاندىن ئۇزۇنغا بارمايلا يوقىلىپ كېتىدىغان، قارارى يوق، ئۆتكۈنچى ئوي ـ پىكىرلا ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شەكسىزكى، مېنىڭ ئۈممىتىم ئەگەر ئەمەلىيەتتە قىلىپ سالمىغان ياكى ئېغىزىدا سۆزلىمىگەن بولسىلا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە كەچكەن يامان

---

[1] زەبىيدىي: «شەرھۇل ئىھيائ»، 10 ـ جىلد، 36 ـ 37 ـ بەتلەر، دارۇل فىكىر، بېيرۇت.

ئوي ـ خىياللارنى ئەپۇ قىلدى»[1].

بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىدا سۆزلىرى نەقىل قىلىنغان ئالىملاردىن بىرىنىڭ: نىيەت دېگەن پەقەت كۆڭۈلگە پۈكۈشلا ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلگە پۈكۈپ چىڭ تۇرۇشتۇر، دېگەن سۆزىنى تەكىتلەيدۇ.

بىز مۇشۇ قائىدىگە بىنائەن ھەدىستىكى: ئەقىل ـ پاراستى ۋە سەممىي نىيىتى ئارقىلىق ئاللاھ يولىدا مال ـ دۇنيالىرىنى چىقىم قىلغان ۋە سەدىقە قىلغان بايغا ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئىككىسى ئەجىردە باراۋەر» دېگەن بۇ مال ـ دۇنياسى يوق كەمبەغەل كىشىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتۇق.

شۇنىڭدەك بىز مۇشۇنىڭغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، دۆلەتلىكى ۋە يامان نىيىتى ئارقىلىق مال ـ مۈلكىنى ئەيش ـ ئىشرەتكە ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا سەرپ قىلغان باينىڭ گۇناھىغا شېرىك بولۇپ، تۇرمۇشىنى نامراتچىلىق ۋە خاپىلىقتا ئۆتكۈزىدىغان كەمبەغەل كىشىنىڭمۇ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

بىز يەنە بىر ھەدىستە ئۆزئارا ئۇرۇشقان ئىككى مۇسۇلماننى، ئۆلتۈرگۈچى ئۆلتۈرگەنلىك سەۋەبتىن، ئۆلتۈرۈلگۈچى ئۆز ساھىبىنى ئۆلتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكى تۈپەيلىدىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ دوزاختا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى كۆردۇق. چۈنكى، ئۇ ئىككىلىسىنىڭ ئۇرۇشى دۇنيا ئۈچۈن ئىدى.

---

[1] ئالته ئىمام رىۋايەت قىلغان.

## نىيەتنىڭ ئورنى قەلبتۇر

نىيەت پەقەت قەلبكە مەنسۇپ بولۇپ، تىلنىڭ ئەمىلى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ساھابىلىرىدىن ۋە بۇ ئۈممەتنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن پېشۋالىرىمىزدىن ھەمدە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھېچبىرىدىن ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، غۇسلى قىلىش، تاھارەت ئېلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىبادەتلەردە نىيەتنى ئېغىزدا تەلەپپۇز قىلغىنىنى بىلمىدۇق. ئەمما ھازىر كىشىلەرنىڭ مۇشۇ نىيەتنى ئېغىزدا تەلەپپۇز قىلىش ئۈچۈن جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ: «كىچىك تاھارەت ئېلىشنى ياكى چوڭ تاھارەت ئېلىشنى نىيەت قىلدىم» ۋە ياكى: «نىيەت قىلدىم پېشىننىڭ ياكى ئەسىرنىڭ تۆت رەكئەت پەرزىنى ئوقۇشنى بۈيۈك ئاللاھ ئۈچۈن...» دېگەنگە ئوخشاش، ياكى: «نىيەت قىلدىم رامىزان ئېيىدا ئەتە روزا تۇتۇشنى...» دېگەندەك سۆزلىرىنى ئاڭلايمىز، بۇ ھەقتە بىرەر ئايەتمۇ، ھەدىسمۇ يوق، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق دېيىشنىڭ چوڭ ئەھمىيىتىمۇ يوق. چۈنكى، ئىنسان بازارغا بارماقچى بولسا: «مەن بازارغا بېرىشنى نىيەت قىلدىم»، ياكى سەپەرگە چىقىشنى نىيەت قىلسا: «مەن سەپەرگە چىقىشنى نىيەت قىلدىم» دېمەيدۇ. ئىمام زەركەشي بىر پەتىۋاسىدا ئىمام غەززالىينىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبادەتلەردە نىيەتنىڭ ئىشى ئاسان بىر ئىشتۇر، پەقەت نىيەتنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەسلىك ياكى ۋەسۋەسە سەۋەبلىك بۇ ئىش قىيىندۇر»[1].

---

[1] زەركەشي: «ئەلمەنسۇر فىل قەۋائىد»، 3 ـ جىلد، 284 ـ بەت، ئەۋقافۇل كۇۋەيت نەشرى.

ئەمەلنى توغرا يۆنىلىشتە ئېلىپ مېڭىش ھەمدە ئۇنىڭ تۈرى ۋە قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە نىيەت ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۆلىمالار فىقھىي قائىدىلەر ئىچىدە ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولغان مۇنداق بىر فىقھىي قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، «ئەلقەۋائىدۇلفىقھىييە»، «ئەلئەشباھ ۋەننەزائىر» تۈردىكى بارلىق كىتابلار شۇ قائىدىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. ئۇ بولسا «بارلىق ئىشلاردا ئەسلىي مەقسەتلەر ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ» دېگەن قائىدە بولۇپ، ئۆلىمالار مۇشۇ قائىدىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ نۇرغۇنلىغان تارماق قائىدىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، توختام ۋە كېلىشىملەردە ئېغىزدىكى سۆز ۋە شەكىل ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلگە پۈككەن مەقسەتلەر ۋە مەنىلەر ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، دېگەن قائىدىمۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ خاتالىشىپ، ئۇنتۇپ قېلىپ ۋە مەجبۇرلىنىپ قىلىپ سالغان خاتالىقىنى ئەپۇ قىلدى»[1] دېگەن ھەدىس ئىپادىلىگەن ئۇقۇممۇ ئاشۇ قائىدىنىڭ تارماقلىرىدىن بىرىدۇر.

مەسىلەن، ئىمام بۇخارىي «بارلىق ئەمەللەرنىڭ مەقبۇل

[1] بۇ ھەدىس مەنە جەھەتتە بىر ـ بىرىگە يېقىن، خىلمۇخىل كەلىمىلەر بىلەن رىۋايەت قىلىنغان. «سەھىھۇل جامىئۇس سەغىير ۋە زىيادەتۇھۇ»، 1731 ـ ھەدىس، ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە ئەبۇ زەردىن رىۋايەت قىلغان؛ تەبەرانىي ۋە ھاكىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان؛ تەبەرانىي سەۋباندىن رىۋايەت قىلغان؛ 1836 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان؛ 7110 ـ ھەدىس، بەيھەقىي ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

بولۇشى پەقەت نىيەتكە باغلىقتۇر» دېگەن ھەدىسنى بىر قىسىم فىقھشۇناسلارنىڭ دۇرۇس دەپ پەتىۋا بەرگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن «ھىيلە قىلىش» مەسىلىسىنىڭ خاتالىقىغا دەلىل قىلىندۇ. چۈنكى، ئىمام بۇخارىينىڭ قارىشىچە، ھىيلە قىلىش دۇرۇس دېگەنلىك ماھىيەتكە ئەمەس، سىرتقى كۆرۈنۈشكە، جەۋھەرگە ئەمەس، شەكىلگە، مەنىگە ئەمەس، تەلەپپۇزغا ئېتىبار بېرىمىز دېگەنلىكتۇر.

بۇ بولسا مۇھەققىق ئۆلىمالار رەت قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا قارشى ئاللاھنىڭ كىتابىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن، ساھابىلەرنىڭ ۋە بۇ ئۈممەتنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن سالىھ ئۆلىمالىرىدىن كەسكىن دەلىللەرنى كەلتۈرگەن ئىشتۇر.

## ئەمەلدىكى نىيەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ مۇكاپاتنىڭمۇ ئوخشىمايدىغانلىقى

نىيەتنىڭ ئەمەللەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرىدىن بىرى شۇكى، ئەمەل ساھىبىنىڭ نىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ بىر ئەمەلنىڭ شەرىئەتتىكى ھۆكمى، ئەخلاقىي قىممىتى ۋە ئاخىرەتلىك مۇكاپاتىمۇ خىلمۇخىل بولىدۇ.

بۇ ئىشنىڭ ھەدىستە نەقىل قىلىنغان مىساللىرىدىن بىرى: ئات ساقلاش. ئات بىرەيلەنگە نىسبەتەن پەقەت بىر ئات بولسا، يەنە بىرەيلەنگە نىسبەتەن گۇناھ، ئۈچىنچىسى ئۈچۈن ئازابتىن ساقلاپ قالغۇچى پەردىدۇر. ياكى يەنە بىر ھەدىس ئاتىغىنىدەك: «بىرى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن بېقىلغان ئات، يەنە بىرى شەيتان ئۈچۈن بېقىلغان ئات، ئۈچىنچىسى ئىنسان ئۈچۈن...» . دېمەك، ئوخشاشلا بىر ئات بېقىشنىڭ يۇقىرىقىدەك

خىلمۇخىل نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب پەقەت نىيەت ۋە مەقسەتنىڭ خىلمۇخىل بولغانلىقىدۇر.

ئىمام ئەھمەد ئەنسارلاردىن بىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇتاشقان سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئات ئۈچ تۈرلۈكتۇر: بىرىنچىسى، بىر كىشى ئاللاھ يولىدا مىنىش ئۈچۈن باققان ئات بولۇپ، ئۇنى سېتىۋالغان پۇلغىمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ، مىنىسىمۇ ئەجىر بولىدۇ، باشقىلارغا ئارىيەت بەرسىمۇ ئەجىر بولىدۇ. ئىككىنچىسى، بىر كىشى قىمارغا تىكىش ئۈچۈن قوتانغا سولىغان ئات بولۇپ، ئۇنى سېتىۋالغان پۇلغىمۇ گۇناھ بولىدۇ، مىنىسىمۇ گۇناھ بولىدۇ. ئۈچىنچىسى، سەمرىتىش ئۈچۈن بېقىلغان ئات بولۇپ، بەلكىم بۇ ئات ئاللاھ خالىسا كەمبەغەللىكنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشى مۇمكىن»[1].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «ئات ئۈچ تۈرلۈكتۇر: بىرى ئاللاھ ئۈچۈن، يەنە بىرى شەيتان ئۈچۈن، ئۈچىنچىسى ئىنسان ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ئۈچۈن بولغىنى ئاللاھ يولىدا مىنىش ئۈچۈن بېقىلغىنى بولۇپ، ئۇنىڭغا بەرگەن يەم - خەشەكلەر، ئۇنىڭ سۈيدۈكى ۋە تېزەكلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئەجىر بولىدۇ. شەيتان ئۈچۈن بولغىنىغا كەلسەك، ئۇنى باققان كىشى ئۇنى قىمارغا تىكىشىدىغان ئاتتۇر. ئىنسان ئۈچۈن بولغىنى، ئۇنى بىر ئىنسان تايلىتىپ، مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن باقىدۇ. بۇ ئات ئۇنىڭ كەمبەغەللىكىگە ئەسقاتىدۇ»[2].

بۇ ئۈچ تەقسىمات سەھىھۇل بۇخارىي ۋە سەھىھ مۇسلىمدا

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

ئەبـۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان.

ھافىز سۇيۇتىي مۇنداق دەيـدۇ: «ئۆلىمالار مۇنـداق دېـگەن: نىـيەت ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئىش ـ ھەرىـكەت بەزىـدە ھـارام بولـسا، بەزىـدە ھالال بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ شەكلى بىردۇر. مەسىلەن، مال بوغۇزلاشنى ئالساق، نـاۋادا ئالـلاھ ئۈچۈن بوغۇزلانسا، بوغۇزلانغان ھـايۋان ھـالال بولـىدۇ. ئەگەر ئاللاھنىـڭ غەيـرى ئۈچـۈن بوغۇزلانسا، ھارام بولىدۇ، ھالبۇكى ئۇنىڭ شەكلى بىردۇر».

ئىمام ئىبنۇلقەييىـم جەۋزىي رەھىمەھۇللاھ «روھ» نـاملىق كىتابىـدا بىـر نەرسىنىڭ شەكلى ھامان بىر بولىدۇ. ھـالبۇكى، ئـۇ نەرسە مەدھىيەلىنىـدىغان ۋە ئەيىبلىنىـدىغان ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. جۈملىدىن، تەۋەككـۈل قىلىش ۋە ئاجىزلىق، ئۈمىـد قىلىـش ۋە ئارزۇ قىلىش، نەسىھەت قىلىش ۋە ئەيىبلـەش، سوۋغا بېرىش ۋە پارا بېـرىش، بىراۋنىـڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش ۋە شىكايەت قىلىش قاتارلىقلار. يۇقىرىـدا تىلغا ئېلىنغان ئىشلارنىڭ بىرىنچىسى مەدھىيەلىنىدۇ، ئىككىنچىسى ئەيىبلىنىدۇ. ھـالبۇكى، ھەرئىككىلىسـىنىڭ شـەكلى بىـر، ئەممـا ئـۇ ئىككـىسىنىڭ ئوتتۇرىـسىنى پەرقلەنـدۈرۈپ تۇرىـدىغان نەرسـە پەقەت نىـيەت ۋە مەقسەتتۇر.

### نىيەت ۋە شەرئەتنىڭ مەقسەتلىرى

«ئىئلامۇل مـۇۋەققىئىين» نـاملىق كىتابتـا ئىبنـۇلقەييىم جەۋزىـي رەھىمەھـۇللاھ ئەمەلنىـڭ قىممىتىنـى بېكىتىـشتە نىـيەت ۋە مەقـسەتنىڭ ئىنتـايىن مـۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىي پائالىيەتنىڭ سىرتقى شەكلى بىر بولسىمۇ، بىـرى ئاللاھقا

يېقىنلاشتۇرىدىغان توغرا ئەمەل، يەنە بىرى ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان خاتا ئەمەل بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق بولۇشىدىكى بىردىنبىر سەۋەبنىڭ پەقەت نىيەت ۋە مەقسەتنىڭ خىلمۇخىللىقى ئىكەنلىكىنى كونكرېت ئوتتۇرىغا قويغان.

تۆۋەندە ئۇنىڭ مەزكۇر سۆزلىرىدىن بىرقانچە ئابزاس نەقىل قىلىپ ئۆتىمىز:

«جۇملىدىن، ھاراق ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتىدە ئۈزۈم سىقىش گۇناھ مەسىيەت بولۇپ، ئۇنى قىلغۇچىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق لەنەت ئېيتىلغان. ئەمما ئۇنى سىركە ياكى شىرنە ياساش مەقسىتىدە سىقسا دۇرۇس، ھالبۇكى بۇ ئىشنىڭ شەكلى بىر.

يەنە شۇنىڭدەك، بىر كىشىنىڭ بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىرىگە قورال سېتىش ھارام، خاتا ئىشتۇر. چۈنكى، بۇ ئىش گۇناھقا ۋە تاجاۋۇزچىلىققا ياردەملەشكەنلىكتۇر. ناۋادا ئۇ قورالنى ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلىدىغان بىرىگە سېتىپ بەرسە، بۇ ئىش ئىتائەت ۋە ئاللاھقا يېقىنچىلىقتۇر.

شۇنداقلا ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىش ۋە ئىتائەت مەقسەت قىلىنغان، مەلۇم شەرتكە باغلانغان نەزىرگە[1] كەلسەك، نەزىر قىلغان ئىشقا ۋاپا قىلىش لازىم. قەسەم ۋە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماسلىق مەقسىتىدە قىلىنغان نەزىر

---

[1] نەزىر بىر مۇسۇلماننىڭ: مەن ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن مۇنداق قىلىمەن ياكى ئۇنداق قىلىمەن، دەپ مۇئەييەن بىر ياخشى ئەمەلنى قىلىشنى ئۆزىگە مەجبۇرىيەت قىلىش ھەققىدە ئاللاھقا ۋەدە بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قىلغان ئادەم چوقۇم ئۆزى نەزىر قىلغان ئىشنى قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ-ت.

كەففارەت بېرىشكە تېگىشلىك سۆز بولىدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك، تالاقنى ئىپادىلەيدىغان كىنايە سۆزلەرنى تالاقنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ دېگەن بولسا، نىيەت قىلغىنى بويىچە بولىدۇ. ئەگەر تالاقتىن باشقا بىر ئىشنى نىيەت قىلسا، تالاق بولمايدۇ.

شۇنىڭدەك، بىر كىشى خوتۇنىغا زىھار قىلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ: «سەن مېنىڭ نەزىرىمدە ئانامغا ئوخشاش» دېگەن بولسا، خوتۇنى ئۇنىڭغا هارام بولىدۇ. ئەگەر «هۆرمەتتە ئانامغا ئوخشاش» دېگەننى نىيەت قىلىپ دېگەن بولسا هارام بولمايدۇ.

يەنە، بىر كىشى بىراۋنىڭ تۆلەشكە تېگىشلىك قەرزىنى كېيىن قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە تۆلەپ قويغان بولسا، ئۇنى قايتۇرۇۋالالايدۇ. ئەگەر ئېھسان قىلىشنى مەقسەت قىلىپ تۆلەپ قويغان بولسا، قايتۇرۇۋالالمايدۇ.

توختام ۋە كېلىشىملەردە ئاللاھ تائالانىڭ ئەھكاملىرى قانداق بولسا، ئىبادەتلەردە، ساۋاب كۈتىلىدىغان بارلىق ئەمەللەردە ۋە تۈرلۈك جازالاردىكى هۆكۈملىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئاللاهنىڭ بۇ قانۇنىيىتى شەرىئەتنىمۇ، تەقدىردىمۇ ئامىباپتۇر.

نىيەتلەرنىڭ ئىبادەتلەرنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە كەلسەك، بۇنى دەپ ئولتۇرۇش بىھاجەت، ئېنىق ئىشتۇر. چۈنكى، ئاللاهقا قىلىنىدىغان يېقىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسى نىيەتلەرنى ئاساس قىلىدۇ. ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەت نىيەت ۋە مەقسەتسىز ئىبادەت بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىشى غۇسلى قىلىشنى نىيەت قىلماي تۇرۇپ سۇغا چۈمۈلگەن بولسا ياكى تازىلىق ئۈچۈن مۇنچىغا كىرگەن بولسا ۋە ياكى سالقىنداش ئۈچۈن سۇ ئۈزگەن

بولسا، ئۇنىڭ غۇسلى قىلغىنى پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ بىردەك قارىشى بىلەن ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىش ۋە ئىبادەت بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئىبادەتنى نىيەت قىلمىغان بولغاچقا، ئۇ ئىش مەزكۇر كىشىگە نىسبەتەن ئىبادەت بولمايدۇ. شەكسىزكى، ھەرقانداق كىشىگە ئۆزى نىيەت قىلغىنى بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى ئادەتلەنگەنلىكتىن ياكى ئالدىراشچىلىقتىن كۈندۈزى روزىنى بۇزىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلمىغان، ئەمما بۇنىڭدىن ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىشنى ھەم نىيەت قىلمىغان بولسا، ئۇ كىشى روزا تۇتقان بولمايدۇ.

ئەگەر بىرى چۈشۈپ قالغان بىرەر نەرسىسىنى ئىزدەپ بەيتۇللاھنى ئايلانغان بولسا، ئۇ كىشى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغان بولمايدۇ.

ئەگەر بىرى زاكات بېرىشنى مەقسەت قىلماي كەمبەغەللەرگە سوۋغا - سالاملارنى بەرگەن بولسا، ئۇ كىشى زاكات بەرگەن ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر بىر كىشى ئېتىكاپ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكمەي مەسچىتتە ئولتۇرغان بولسا، ئۇ كىشى ئېتىكاپتا ئولتۇرغان بولمايدۇ.

بۇ ئەھۋال ئاللاھقا قىلىنغان ئىبادەت بولۇش ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنىڭ ئىجرا بولۇشىدا قانداق بولسا، ساۋاب ۋە جازادىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئايالى دەپ ئويلاپ يات بىر ئايال بىلەن جىما قىلىپ سالغان بولسا، بۇ سەۋەبتىن گۇناھكار بولمايدۇ. بەلكىم نىيىتىگە قاراپ ساۋاب بېرىلىشى مۇمكىن.

ئەگەر قاراڭغۇدا بىر ئايالنى يات ئايال دەپ ئويلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلغان بولسا، گەرچە مەزكۇر ئايال ئەر

كىشىنىڭ ئۆز ئايالى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ كىشى ھارام ئىشنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ.

ئەگەر ھارام بىرەر يېمەكلىكنى ھالال دېگەن گۇمان بىلەن يەپ سالغان بولسا، ھارام نەرسىنى يېگەنلىك بىلەن گۇناھكار بولمايدۇ. ئەگەر ھالال نەرسىنى ھارام دەپ تۇرۇپ يېگەن بولسا، نىيىتىگە يارىشا گۇناھكار بولىدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك، بىر كىشى بىراۋنى مۇسۇلمان، گۇناھسىز كىشى دەپ تۇرۇپ ئۆلتۈرگەن بولسا، گەرچە ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆلتۈرگۈچى نىيىتىگە يارىشا گۇناھكار بولىۋېرىدۇ. ئەگەر بىرى ئوۋغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈپ، ئۇ ئوق گۇناھسىز بىر ئىنسانغا تېگىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئوق ئاتقۇچى بۇنىڭغا قارىتا گۇناھكار بولمايدۇ. ئەگەر ئوقنى گۇناھسىز بىر ئىنساننى نىشانلاپ تۇرۇپ ئاتقان، ئەمما ئوق نىشاندىن ئادىشىپ بىر ئوۋغا تەگكەن بولسىمۇ، يەنىلا نىيىتىگە يارىشا گۇناھكار بولىۋېرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ قالغان ئىككى مۇسۇلماندىن ئۆلتۈرگۈچىمۇ، ئۆلگۈچىمۇ دوزاختا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككىسىدىن ھەربىرىنىڭ نىيىتى قارشى تەرەپنى ئۆلتۈرۈش ئىدى.

دېمەك، نىيەت بارچە ئەمەلنىڭ روھى، جەۋھىرى ۋە ئاساسىدۇر. بارچە ئەمەل نىيەتكە قاراشلىق بولۇپ، نىيەت توغرا بولسا، ئەمەلمۇ توغرا بولىدۇ، نىيەت خاتا بولسا، ئەمەلمۇ خاتا بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ مۇكەممەل، ئاستىدا ئىلىم كانلىرى تولۇپ ياتقان مۇنداق ئىككى كەلىمە سۆزنى قىلغان بولۇپ، بۇ ئىككى كەلىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر، شەكسىزكى، ھەركىم نىيىتىگە يارىشا (ساۋاب ياكى جازاغا) ئېرىشىدۇ» دېگەن سۆزىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنچى جۈملىدە ھەرقانداق ئەمەلنىڭ نىيەتسىز بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا نىيەتسىز ئەمەل بولمايدۇ. ئىككىنچى جۈملىدە ئەمەل قىلغۇچى قىلغان ئەمەلدىن پەقەت نىيەت قىلغان بولسا، شۇنىڭغا قارىتا ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىنى ياكى جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر سۆزى ئىبادەتلەر، مۇئامىلىلەر، قەسەملەر، نەزىرلەر، باشقا بارلىق توختام - كېلىشىملەر ۋە ئىش - پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ سۆز شۇنىڭ دەلىلىدۇركى، بىر كىشى سودا كېلىشىمىدە جازانىنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇچۇن جازانە شەكىللىنىدۇ. سودىنىڭ شەكلى بۇ كىشىنى جازانىنىڭ شەكىللىنىشىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ.

بىر كىشى بىر خوتۇننى باشقىلارغا ھالاللاپ بېرىش مەقسىتىدە نىكاھلاپ ئالغان بولسا، بۇ كىشى باشقىلارغا خوتۇن ھالال قىلىپ بەرگۈچى بولۇۋېرىدۇ. نىكاھنىڭ شەكلى ئۇنى ھەرگىز بۇ دائىرىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ شۇنداق قىلىشنى نىيەت قىلغان. شەكسىزكى، ھەرقانداق كىشى ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ناۋادا بىر كىشى مېۋە سېتىش ئارقىلىق ھاراق ياساشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ ۋە شۇ سەۋەبتىن لەنەتكە ئۇچرايدۇ. ناۋادا بۇ ئىشنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان ئىشنى قىلىشقا يول ئىزدەشنى مەقسەت قىلغان بولسا، يەنىلا ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھارام قىلىنغان ئىشنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى ۋە كۈچىنى شۇ

مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا سەرپ قىلدى. ئىنسان ھارام ئىشقا يول ئىزدەشتە ئەسلىدە ھارامنىڭ قاتارىدىن بولمىغان بىرەر ئىشنى شۇ ھارامغا يېتىشنىڭ ۋاستىسى قىلىدىكەن، بۇ ئىش بىلەن ئەسلىدىنلا ھارام بولغان ئىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىلچە پەرق يوق. شۇڭا دوختۇر بىر بىمارنى زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن چەكلىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا شۇ نەرسىنى ئىستېمال قىلىشنىڭ باشقا ئامالىنى تېپىپ بەرگەن بولسا، ئوخشاشلا ئۆزى بىمارغا ئىستېمال قىلىشتىن چەكلىگەن نەرسىنىڭ دەل ئۆزىنى بەرگەن بولىدۇ»[1].

## نىيەتنىڭ مۇباھ ئىشلار ۋە ئۆرپ - ئادەتلەردىكى تەسىرى

نىيەت تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرى شەرىئەتتە رۇخسەت قىلىنغان (مۇباھ) ئىشلار ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر بولۇپ، بۇ ئىشلار نىيەت ئارقىلىق ئىنسانىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەتلەرگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم تۇرمۇشىنى ھالالدىن قامداش ئۈچۈن تېرىقچىلىق، سودا - سانائەت، ھۈنەر - كەسىپ ۋە باشقا قانداقتۇر بىر خىزمەت قاتارلىق ئىشلاردىن قايسىبىرىنى قىلسۇن، شۇ ئىشلارنى قىلىشتىكى مەقسىتى ئۆزىنى ھارامدىن ساقلاشلا بولىدىكەن، بۇ ئىشلار ئىبادەت ۋە ئاللاھ يولىدىكى جىھاد بولىدۇ.

يېيىش، ئىچىش، كىيىنىش ۋە ياسىنىش قاتارلىق ئىشلارمۇ

[1] ئىبنۇل قەييىم جەۋزىي: «ئىئلامۇل مۇۋەققىئىين»، 2 - جىلد، 122 ـ 123 - بەتلەر، نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد مۇھيىددىن ئابدۇلھەمىيد، «ئەسسەئادە» مەتبەخانىسى، مىسىر.

ناۋادا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا، كىشىنىڭ پەرۋەردىگارى ئالدىدىكى، ئائىلىسى ئالدىدىكى ۋە ئۈممىتى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا ياردىمى بولسۇن دېگەن مەقسەتتە، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن نېمىتىنى نامايان قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنسا، بۇ ئىشلارمۇ يەنە ئىبادەت بولىدۇ. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «شەكسىزكى، ئاللاھ بەندىسىدە ئۆز نېمىتىنىڭ تەسىرىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ»[1].

يۇقىرىدا سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۆمىنىنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ھەرقانداق ئەملى ئۈچۈن، ھەتتاكى ئايالىنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ قويغان بىر لوقما تاماق ئۈچۈنمۇ چوقۇم ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىسمۇ نەقىل قىلىنغان.

بۇنىڭدىنمۇ ھەيران قالارلىقراقى شۇكى، ناۋادا مۆمىن بەندە جىنسىي شەھۋىتىنى ھالالدىن قاندۇرسا، مۇشۇنىڭ ئۈچۈنمۇ چوقۇم ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب ـ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىدۇر. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر سەھىھ ھەدىس بار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاراڭلاردىن بىرىڭلارنىڭ ئايالى بىلەن ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتتە بولۇشىمۇ سەدىقە بولىدۇ» دېگەندە، ساھابىلەر:

ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! كىشى ئۆز شەھۋىتىنى قاندۇرسىمۇ ئەجىر بېرىلەمدۇ؟ ـ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ «قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر ئۇ شەھۋىتىنى ھارامدىن قاندۇرسا، ئۇنىڭغا گۇناھ بولامتتى؟ شۇنىڭدەك شەھۋىتىنى

---

[1] تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان، 2820 ـ ھەدىس.

هالال يولدىن قاندۇرسا، ئۇنىڭغا ئەجىر بار» ـ دېگەن[1].

## ياخشى نىيەت هارامنى هالال قىلالمايدۇ

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك نىيەت ئىنساننىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنىڭ پۈتۈن ساهەسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بولسىمۇ، ئۆلىمالار تەرىپىدىن بىرلىككە كېلىنگەن قاراش شۇكى، نىيەتنىڭ ياخشىلىقى هارامغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. يەنى نىيەت ياخشى بولۇپ، نىشاننىڭ هەرقانچە ئۇلۇغۋار بولۇشىمۇ هارامنى هالال قىلالمايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، هارام نەرسىدىن ئۇنىڭ هارام قىلىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب بولغان نىجىسلىق سۈپىتىنى يوق قىلالمايدۇ[2].

مەسىلەن، بىر كىشى مەسچىت بىنا قىلىش، يېتىم ـ يېسىرلار ئورنى قۇرۇش، قارىخانا تەسىس قىلىش، هارام مالنى كەمبەغەللەرگە ۋە هاجەتمەنلەرگە سەدىقە قىلىش ياكى قانداقتۇر بىر ياخشىلىق يوللىرىغا ئىشلىتىش دېگەندەك مەقسەتتە جازانە ئالغان ياكى بۇلاڭچىلىق قىلغان بولسا ۋە ياكى قايسىبىر چەكلەنگەن ئۇسۇل ئارقىلىق مال ـ دۇنياغا ئېرىشكەن بولسا، بۇ ياخشى نىيەت ئۇنىڭ قىلغان يامان ئىشىغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ ۋە هەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن هارام ئىش قىلغانلىقنىڭ گۇناهىنى ساقىت قىلالمايدۇ. كۆپلىگەن سەهىه هەدىسلەر مۇشۇ ئۇقۇمنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «شەكسىزكى، ئاللاه پاكتۇر، پەقەت پاكنىلا قوبۇل قىلىدۇ»[3].

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] يۇسۇپ قەرەداۋىنىڭ: «ئىسلامدا هالال ۋە هارام» ناملىق كىتابى، 1 ـ باب، «ياخشى نىيەت هارامنى هالال قىلالمايدۇ» دېگەن ماۋزۇغا قارالسۇن.

[3] مۇسلىم، 1015 ـ هەدىس.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «شەكسىزكى، ئاللاھ يامانلىقنى يامانلىق بىلەن ئۆچۈرمەيدۇ، ئەكسىچە يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن ئۆچۈرىدۇ. نىجاسەت ھەرگىز نىجاسەتنى يوقىتالمايدۇ» دېيىلگەن[1].

سەدىقە ھارام مالنىڭ ئازراق بىر قىسمىنىمۇ پاكلىيالمايدۇ. شۇڭا ئىنسان ھەرقانداق ھارام مالدىن ئۇنىڭ ئۆزىنى تارتىشى لازىم. يەنە كېلىپ ھارام مال سەدىقە قىلسا دۇرۇس بولىدىغان دەرىجىدە ئۇنىڭغا ئىگە بولغۇچىنىڭ مۈلكى ئەمەس، ئەكسىچە ئۇ مال ئەسلىي ئىگىسىنىڭ مۈلكىدۇر. شۇڭا ئۇ كىشى ئۇ مالنى پەقەت ئەسلىي ساھىبىغا ياكى ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا قايتۇرۇپ بەرگەندىلا ئاندىن قوبۇل بولىدۇ.

بۇ ئارقىلىق شۇ ئايان بولىدىكى، ئىسلام دىنى «غايە ۋاسىتىنى ئاقلىيالايدۇ» دېگەن بۇ قاراشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ئۇلۇغۋار غايە ئۈچۈن پەقەت پاك بولغان ۋاسىتىلەرلا قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇڭا غايە ئۇلۇغۋار بولۇشى بىلەن بىرگە شۇ غايىگە يېتىش ئۈچۈن تاللىغان ۋاسىتىمۇ پاك بولۇشى لازىم.

## نىيەتنىڭ خالىسلىقى ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر

ئاخىرەت ئەمەللىرىدىن ھەرقانداق ئەمەلنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولۇشى ئۈچۈن نىيەتنى قانداقتۇر شەخسىي ھېسسىيات ۋە دۇنيالىق غەرەزلەردىن خالىي، پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا خالىس قىلىش زۆرۈردۇر. بۇنداق بولۇشى

[1] ھەيسەمىي بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغانلىقىنى ۋە راۋىلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. «مەجمەئۇز زەۋائىد»، 10 ـ جىلد، 288 ـ بەت.

شۇ سەۋەبتىندۇركى، ھەرقانداق سالىھ ئەمەلنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولۇشقا لايىقلاشتۇرىدىغان ئاساسلىق ئامىل ئىككىدۇر:

بىرىنچىسى: ئىخلاس ۋە نىيەتنى توغرا قىلىش.

ئىككىنچىسى: سۈننەتكە ۋە شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق بولۇش.

ئاۋۋالقىسى ئارقىلىق ئەمەللەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنىڭ توغرىلىقى ئەمەلىيلىشىدۇ. ئىككىنچىسى ئارقىلىق ئەمەللەرنىڭ سىرتقى شەكلىنىڭ توغرىلىقى ئەمەلىيلىشىدۇ. ئاۋۋالقى ئاساس ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شەكسىزكى، بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر»[1] دېگەن سۆزى بار بولۇپ، بۇ ھەدىس پۈتۈن ئەمەللەرنىڭ ماھىيىتىنىڭ مىزانىدۇر.

ئىككىنچى ئاساس ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى بىز قىلمىغان بىر ئىشنى قىلسا، ئۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ»[2] دېگەن سۆزى بار بولۇپ، بۇ ھەدىس ئەمەللەرنىڭ سىرتقى شەكلىنىڭ مىزانىدۇر.

ئاللاھ تائالا بىرقانچە ئايەتتە بۇ ئىككى ئاساسنى جەملەپ مۇنداق دېگەن: ﴿ياخشى ئىش قىلغۇچى بولغان ھالدا ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغان ئادەم مەھكەم تۇتقىغا ئېسىلغان بولىدۇ﴾[3]، ﴿ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرغان (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئەمەلنى

[1] بەش ئىمام رىۋايەت قىلغان؛ ئىمام مۇنزىرىي: «ئەتتەرغىب ۋە تتەرھىيب» ناملىق ئەسىرىدىمۇ رىۋايەت قىلغان، 15 ـ ھەدىس.

[2] مۇسلىم، 1718 ـ ھەدىس.

[3] سۈرە لۇقمان، 22 ـ ئايەت.

خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلغان)، باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟﴾[1].

ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش دېمەك، نىيەتنى ۋە ئەمەلنى ئۇنىڭ ئۈچۈن خالىس قىلىش دېمەكتۇر. ئەمەلدىكى ئېھسان بولسا ئەمەلنى ئاللاھ رازى بولىدىغان شەكىلدە ئادا قىلىش ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش دېمەكتۇر.

يۇقىرىدا بىز فۇزەيل ئىبنى ئىيازنىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل قىلىپ ئۆتتۇق: «شەكسىزكى، ھەرقانداق ئەمەل گەرچە ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بولغان بولسىمۇ، توغرا رەۋىشتە بولمىسا قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر توغرا رەۋىشتە بولۇپ، ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بولمىغان بولسا، تاكى ئۇ ئەمەل ھەم خالىس، ھەم توغرا بولمىغىچە يەنىلا قوبۇل قىلىنمايدۇ. خالىس دېگىنىمىز، پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن بولغىنىدۇر. توغرا دېگىنىمىز، سۈننەتكە ئۇيغۇن بولغىنىدۇر. ئاندىن كېيىن فۇزەيل مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغان: ﴿كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن) ياخشى ئەمەل قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلغان ئىبادىتىدە ھېچكىمنى شېرىك قىلمىسۇن!﴾[2].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانمىغان قۇرۇق گەپ ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ، توغرا نىيەت بىلەن قىلىنمىغان سۆز ۋە ئەمەل

---

[1] سۈرە نىسائ، 125 ـ ئايەت.

[2] سۈرە كەھف، 110 ـ ئايەت.

ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ، سۈننەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سۆز، ئەمەل ۋە نىيەتلەر ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ».

ئىبنى ئەجلان مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەللەر پەقەت مۇنۇ ئۈچ نەرسە بىلەنلا ياخشى ئەمەل بولىدۇ: ئاللاھقا تەقۋادار بولۇش، ياخشى نىيەت ۋە توغرا ئۇسۇل بىلەن قىلىش يەنى شەرىئەتتە توغرا بولغان رەۋىشتە ئادا قىلىش».

بىز يۇقىرقى بايانلاردىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئەمەللەر مۇبادا شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەھىھ ھالەتتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرگە ئۇيغۇن بولمىسا، پەقەت نىيەتنىڭ خالىس بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك، قانداق بىر ئەمەلدە ئىخلاس ئەمەلىيلەشمىسە ۋە نىيەت پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بولمىسا، شەرىئەتنىڭ ئۇ ئەمەلنى مەيدانغا ئېلىپ كەلگەنلىكىلا ئۇنى مەقبۇللۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرەلمەيدۇ. ئاخىرەت ئەمەللىرىدىن قانداق بىر ئەمەل ئىخلاسنى يوقىتىدىكەن، ئۇ ئەمەلنىڭ ھەق تائالانىڭ مىزانىدا ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. ئىبنى ئاتائۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەللەر بەئەينى ھەيكەللەرگە ئوخشاش شەكىللەر بولۇپ، ئۇنىڭ روھى بولسا ئۇنىڭدا يوشۇرۇن ئىخلاسنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىدۇر».

ئۇنداقتا، قانداق بىر ئەمەل قارىماققا ھەرقانچە خەيرلىك ۋە ياخشى بولۇپ كەتسىمۇ، ئىخلاس بولمىسا قوبۇل بولمايدۇ.

## يامان نىيەت بىلەن مەسچىت بىنا قىلىش

مەن بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ئىككى مىسال نەقىل قىلىمەن:

بىرىنچىسى: مەسچىت بىنا قىلىش.

شەك - شۈبھىسىزكى، ئىسلامىي ھاياتتا مەسچىت خېلىلا يۇقىرى ئورۇن ۋە كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە. چۈنكى، ئۇ، ئىبادەت قىلىش ئورنى، ئىسلامىي دەۋەتنىڭ مەكتىپى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇش سورۇنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى مەسچىت بىنا قىلىشقا، مەسچىتلەرنى ئاۋات قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىشكە تەرغىب قىلغان، شۇنداقلا بۇ ئەمەلگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بېرىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان. ھەتتاكى بىر ھەدىستە: «كىمكى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بىر مەسچىت سالىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىپ بېرىدۇ»[1] دېيىلگەن.

بىراق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇبارەك ھەدىسى بىزگە، بۇنداق كۆپ ساۋاب - مۇكاپات مەسچىت سالغان ھەركىمگە ئەمەس، بەلكى پەقەت شۇ ئەمەلى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان كىشىگىلا بېرىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. ئۇنداقتا، مەسچىت سېلىش يامان غەرەز ۋە مەقسەتتە بولسا، بۇ ئەمەل شۇ مەسچىتنى بەرپا قىلغان كىشىگە خاپىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى، يامان نىيەت بۇ ياخشى ئەمەلنى بەربات قىلىدۇ، توغرا يولدىن چەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى يامانلىققا، ئەجرىنى گۇناھقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

بۇ ئىش توغرىسىدا قۇرئان كەرىمدە «مەسجىدى زىرار» ۋەقەلىكى بايان قىلىنغان بولۇپ، كىشىلەرگە «يامان نىيەت»نىڭ ياخشى بولغان مۇئەسسەسەلەرنىمۇ بۇزۇپ قويىدىغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭدىكى بارچە ياخشىلىقنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن بۇ ھەقتە قىيامەتكە قەدەر تىلاۋەت قىلىنىپ

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

تۇرىدىغان ئايەت نازىل بولغان. بىز ياخشى مۇئەسسەسەلەر دېگىنىمىزدىن: ياخشىلىقنى باش نىشان ۋە تاشقى كۆرۈنۈش قىلغان، ياخشى، خەيرلىك ئىشلارنىڭ ۋە تەقۋالىقنىڭ بولۇشى پەرەز قىلىنغان ئورۇنلارنى دېمەكچىمىز. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بەزى كىشىلەر مۆمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، كۇپرىنى كۈچەيتىش، مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى بۆلۈش، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئادەم (يەنى ئەبۇ ئامىر راھىب) نىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە بىر مەسچىت سالدى. ئۇلار: «بىز پەقەت ياخشىلىقنىلا كۆزلىدۇق» دەپ چوقۇم قەسەم قىلىدۇ. ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار شەك - شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر. ئۇ مەسچىتتە ھەرگىز ناماز ئوقۇمىغىن، تۇنجى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسچىت ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر. ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، ئاللاھ تائالا (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[1].

## دۇنيالىق غەرەز بىلەن جىھاد قىلىش

ئىككىنچى مىسال: جىھاد قىلىش.

جىھاد مۇسۇلماننى پەرۋەردىگارىغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتلەردىن بىرىدۇر. شۇنداقتىمۇ، تاكى بۇ ئەمەل كىشىلەرگە كۆز - كۆز قىلىش، باتۇرلۇقنى كۆرسىتىپ قويۇش، ئۇرۇق - تۇغقىنىغا ياكى يۇرتدىشىغا يان بېسىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ھەرقانداق دۇنيالىق غەرەزدىن خالىي

[1] سۈرە تەۋبە، 107 ــ 108 - ئايەتلەر.

بولمىسا، ئاللاھ تائالا ئۇ ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ.

شەكسىزكى، بىر ئىنسان بەزىدە مۇجاھىدلارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، شۇلارنىڭ سېپىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشى، ھەتتاكى كاپىرلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ تۇرۇپمۇ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە شېھىت ھېسابلانماسلىقى مۇمكىن. بۇنداق بولۇشى، ئۇنىڭ جىھاد قىلىشتىكى نىيىتى پەقەت ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈنلا بولماي، باشقا مەقسەت ۋە غەرەزلەر بىلەن قىلىنغانلىقى تۈپەيلىدىندۇر.

سەھىيھۇل بۇخارىي ۋە سەھىھ مۇسلىمدا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: بىر يېزىلىق ئەرەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىر كىشى غەنىيمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، بىر كىشى باشقىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، يەنە بىرى ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئۇلاردىن كىم ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش مەقسىتىدە ئۇرۇش قىلغان بولسا، شۇ كىشى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭ مەنىسى، باشقا مەقسەتتە قىلىنغان ھەرقانداق ئۇرۇش ئاللاھ يولىدا بولمايدۇ دېگەنلىكتۇر.

## ئىخلاسنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ قىيىنلىقى

ئەي مۇسۇلمان قېرىندىشىم! ئىخلاسنى خالىغان ھەرقانداق كىشى ئېرىشەلەيدىغان، كۆپ جاپا تارتىپ كەتمىسىمۇ ئازراق

تىرىشىپ قويسىلا ئېرىشكىلى بولىدىغان ئاسانلا بىر ئىش دەپ ئويلاپ قالماڭ. چۈنكى، بۇ، ئەمەلىيەتتىن تولىمۇ يىراق بىر خىيال. ئەمەلىي رىئاللىق شۇكى، ئىخلاسنى قولغا كەلتۈرۈش تەگ ماھىيىتىگە ئەمەس، شەكلىگە قارايدىغان، مېغىزىنى قويۇپ، شاكىلى بىلەن ھەپىلىشىدىغان بەزى كىشىلەر ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس.

ئاللاھنى كۆزلىگۈچىلەردىن بىر بۆلەك مەلۇماتلىق كىشىلەر ئىخلاسنىڭ ئاللاھ مۇيەسسەر قىلغانلاردىن باشقا ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ۋە قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، بىز ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىخلاس دېگەن نىيەتنى ھازىر قىلىش ۋە نىيەتنى بارلىق ئارىلاشمىلاردىن خالىي قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەمەللەردە نىيەتنى ھازىر قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. ئىنساننىڭ ئەمەللىرىنى نىيەت قىلماستىن، كۆنۈككەن ھالەتتە ئادا قىلىشى كۆپايە قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر». يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شەكسىزكى، ئىنسانلار نىيەتلىرىگە يارىشا تىرىلدۈرۈلىدۇ»[1].

ئىبنى ئەبىددۇنيا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇزۈك ئىسناد بىلەن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «نىيىتى يوق كىشىنىڭ ئەملى يوق، قىلغان ئەملىدە ئاللاھتىن ساۋاب كۈتۈپ قىلمىغان كىشىگە ئەجىر يوق».

ئىبنى مەسئۇدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «ئەمەلدە

[1] ئەھمەد: «مۇسنەد»، 2 ـ جىلد، 392 ـ ھەدىس؛ ئىبنى ماجە، 4229 ـ ھەدىس.

بولمىغان قۇرۇق گەپ پايدىسىزدۇر، نىيەت بولمىغان سۆز ۋە ئەمەلمۇ پايدىسىزدۇر».

يەھيا ئىبنى ئەبى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «نىيەتنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى، نىيەت ئەمەلدىنمۇ مۇھىمراقتۇر».

سۇفيان سەۋرىي مۇنداق دەيدۇ: «مەن نىيىتىمدىنمۇ كۈچلۈكرەك بىر رەقىب بىلەن كۈچ سىنىشىپ باقمىدىم، چۈنكى، ئۇ نىيەت ماڭا ھامان تەتۈر كېلىدۇ».

زۇبەيد ئەلىيامىي مۇنداق دەيدۇ: «شەكسىزكى، مەن ھەرقانداق نەرسىدە، ھەتتا يېمەك ـ ئىچمىكىمدىمۇ نىيەت بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن».

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سەن ياخشىلىقنى كۆڭلۈڭگە پۈككەن ھەرقانداق ئىشتا، ھەتتا كوچا سۈپۈرگىلى چىقىشتىمۇ نىيەت قىلغىن».

داۋۇد ئەتتائىي مۇنداق دەيدۇ: «مەن ياخشى نىيەتنىڭ بارچە ياخشىلىقنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەنلىكىنى كۆردۈم. شۇڭا سەن گەرچە قىلماقچى بولغان ياخشىلىققا مۇيەسسەر بولالمىساڭمۇ، ياخشى نىيىتىڭنىڭ بولغىنىنىڭ ئۆزى كۇپايە».

مۇتەررىف ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «قەلبنىڭ ياخشى بولۇشى ئەمەلنىڭ ياخشى بولۇشىغا باغلىق، ئەمەلنىڭ ياخشى بولۇشى نىيەتنىڭ ياخشى بولۇشىغا باغلىق».

يۇسۇف ئىبنى ئەسبات مۇنداق دەيدۇ: «نىيەتنى يامانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇزۇن تىرىشچانلىقلار ئىچىدە ئەمەل قىلغۇچىلارغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان بىر ئىشتۇر».

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالانى ھەممىدىن ئۇستۈن

كۆرۈش ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىشتىنمۇ ئەۋزەلرەكتۇر».

نافىئ ئىبنى جۇبەيرگە: «جىنازا نامىزىغا قاتناشامسەن؟» دېيىلىۋېدى، ئۇ: «تۇرۇپ تۇر، مەن نىيەت قىلىۋالاي» دېدى ۋە ئازراق دىققەتتىنى يىغىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن: «ئەمدى يۈر» دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دەيدۇ: «نۇرغۇن كىچىك ئەمەللەرنى نىيەت زورايتسا، يەنە نۇرغۇن چوڭ ئەمەللەرنى نىيەت كىچىكلىتىۋېتىدۇ».

فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا پەقەت سېنىڭ نىيىتىڭ بىلەن ئىرادەڭگىلا قارايدۇ».

سەلەپلەرنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: «قانداق ئادەم ئەمىلىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىدىن خۇرسەن بولسا، نىيىتىنى ياخشى قىلسۇن. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ نىيىتى ياخشى بولسىلا، ھەتتا بىر لوقما تاماق ئۈچۈنمۇ ئەجىر بېرىدۇ»[1].

سەۋرىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىلگىرىكىلەر ئەمەل ئۈچۈن نىيەت قىلىشنى خۇددى ئەمەل قىلىشنى ئۆگەنگەندەك ئۆگىنەتتى».

ئۆلىمالارنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەل قىلىشتىن بۇرۇن ئەمەل ئۈچۈن نىيەت قىلىشنى ئۆگەنگىن. چۈنكى نىيىتىڭ

[1] يۇقىرىقى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ھافىز ئىبنى رەجەب ھەنبەلىي: «شەكسىزكى، بارچە ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىقتۇر» دېگەن ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە زىكرى قىلغاندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىبنى ئەبىددۇنيا «ئىخلاس ۋە نىيەت» ناملىق كىتابىدا تەخرىيج قىلغان، دېگەن. ئىبنى رەجەب ھەنبەلىينىڭ شەيخ شۇئەيب ئەرنائۇت نەشرگە تەييارلىغان «جامىئۇل ئۇلۇم ۋەلھىكەم» ناملىق كىتابىنىڭ 70 ــ 71 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن؛ يەنە ئىمام غەززالىينىڭ: «ئىھيائۇل ئۇلۇمىددىين» ناملىق ئەسىرىنىڭ «فەدلۇل ئىخلاس مىن رۇبئىل مۇنجىيات» بابىغا قارالسۇن.

ياخشىلا بولىدىكەن، ھامان ياخشىلىق ئۈستىدە بولىسەن».

ئۆلىمالار بىلەن باردى - كەلدىسى قويۇق ئىخلاسمەن مۇرتلاردىن بىرى: «ماڭا مەن ھەمىشە ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىدىغان بىر ئەمەلنى كۆرسىتىپ قويىدىغان كىشى بارمۇ؟ مەن كېچە - كۈندۈزنىڭ ھەرقانداق ۋاقتىدا ئاللاھ ئۈچۈن بىرەر ئەمەل قىلىپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىمەن» دەيتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا: «سەن ئىزدىگەن نەرسەڭگە ئېرىشتىڭ. شۇڭا، كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغىن. ناۋادا چارچىغانلىقتىن قىلىپ بولالمىساڭ، قىلىشنى كۆڭلۈڭگە پۈككىن. چۈنكى، ياخشىلىقنى كۆڭلىگە پۈككۈچىمۇ ئەمەل قىلغۇچىغا ئوخشاش بولىدۇ»[1] دېيىلدى.

روھنى ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاۋايى - ھەۋەسلەردىن خالىي قىلىش، نىيەتنى شەخسىي ۋە دۇنيالىق ئارىلاشما رىغبەتلەردىن تازىلاش ئىشى بولسا، ئىنسانغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئىنتايىن قىيىن بىر ئىشتۇر. چۈنكى، بۇ ئىش شەخسىيەتچىلىكنى، ئۆزىنى ۋە دۇنيانى ياخشى كۆرۈشنى يېڭىشكە ھەمدە نەپسنى بۇ دۇنيالىق غەرەزلەردىن ۋاز كەچتۈرۈشكە باغلىق. شەكسىزكى، بۇ ئىش غايەت زور ئىشتۇر.

شۇ ۋەجىدىن، ئىنسان نەپسىگە قارشى قاتتىق كۈرەش قىلىشقا، كۆڭلىگە شەيتاننىڭ كىرىش يوللىرىنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇشقا، نەپسنى ساختىپەزلىك، رىياكارلىق، يۈز - ئابرۇينى ۋە كۆزگە كۆرۈنۈشنى ياخشى كۆرۈش ھەمدە شەخسىي مەنپەئەتلەرنى ياخشى كۆرۈشلەردىن تازىلاپ تۇرۇشقا موھتاج بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىشلار ئىنسانىيەتنىڭ روھىغا قاتتىق

[1] ئىمام غەززالىي: «ئىھيائۇل ئۇلۇمىددىين»، 2688 - بەت، شەئب نەشرىياتى.

تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىنتايىن كۈچلۈك ئامىللاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇداگۈيلاردىن بىرى بولغان سەھل ئىبنى ئابدۇللاھ تەستەرىيدىن: «ئىنسانغا قايسى ئىش ئەڭ ئېغىر كېلىدۇ؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ئىخلاس، چۈنكى، نەپسنىڭ ئىخلاستا ھېچقانداق نېسىۋىسى يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا بىرى مۇنداق دېگەن: «ئەمەل قىلغۇچىلارغا نىيەتنى خالىس قىلىش باشقا ھەرقانداق ئەمەلدىن ئېغىر كېلىدۇ».

يۇسۇف ئىبنى ھۇسەين رازىي مۇنداق دېگەن: «بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قىيىن ئىش ئىخلاستۇر. مەن قەلبىمدىن رىيانى يوق قىلىشقا ھەرقانچە تىرىشقان بولسامۇ، ئۇ گوياكى باشقا بىر شەكىلدە ئۈنۈپ چىقىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ».

سەلەپ سالىھلاردىن بىرى بۇ ئۇقۇمنى تېخىمۇ مۇبالىغە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەپ بىر قەدەمنى توغرا باسالىغان ئادەمگە خۇشخۇبارەك بولسۇن!».

يەنە بىرى مۇنداق دېگەن: «ئىخلاس بىلەن ئۆتكەن ئازراق ۋاقىت مەڭگۈلۈك نىجاتلىقتۇر، لېكىن ئىخلاسمەن بولۇش تولىمۇ قىيىن».

بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب: ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ نەپسىنىڭ ۋەسۋەسىلىرى كۈچلۈك بولغانلىقى ۋە نەپسى ھاۋايى ـ ھەۋەسلەردىن خالىي قىلىش ئىنتايىن قىيىن بولغانلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىممۇ مۇناپىقلارنىڭ نىپاقتىن قۇتۇلۇپ، مۆمىنلەرنىڭ سېپىگە قېتىلىشى ئۈچۈن دىنىنى ئاللاھقا خالىس قىلىشنى شەرت قىلغان بولۇپ، ئاللاھ

تائـالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن. پەقەت (مۇناپىقلىقتىن) تەۋبە قىلغان، (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەن، (ئاللاھنىڭ كىتابى) غا چىڭ يېپىشقان، دىنىنى ئالـلاھ ئۈچۈن خالىس قىلغان (يەنى قىلغان ئەمىلىدىن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلىگەن) كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلار مۆمىنلەر بىلەن بىللە (يەنى ئۇلارنىڭ قاتارىدا) دۇر﴾[1]. ئالـلاھ تائـالا بۇ ئايەتتە پەقەت ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى، ياخشىلىنىشىنى ۋە ئاللاھقا ئېسىلىشىنى سۆزلەپلا بولدى قىلماي، دىنىنى پەقەت ئاللاھقىلا خالىس قىلىشنىمۇ شەرت قىلغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ! مېنىڭ بارچە ئەمىلىمنى ياخشى قىلىپ بەرگىن، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلىپ بەرگىن، ئۇنىڭدا سەندىن باشقا ھېچكىم ئۈچۈن نېسىۋە قىلمىغىن!».

مۇتەررىف ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ! مەن ساڭا تەۋبە قىلىپ بولۇپ، قايتا قىلىپ سالغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى تىلەيمەن. مەن سەن ئۈچۈن قىلىشنى ئۆزۈمگە ۋەدە قىلىپ بولۇپ، ئاندىن قىلالمىغان ئىشلاردا مېنى كەچۈرۈشۈڭنى تىلەيمەن. مەن سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلىشنى نىيەت قىلغانلىقىمنى دەۋا قىلىپ، ئاندىن قەلبىم باشقا غەرەزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان ئىشلاردا مېنى كەچۈرۈشۈڭنى تىلەيمەن».

مۇھەممەد ئىبنى سەئىيد ئەلمەرۋەزىي مۇنداق دەيتتى: «بارچە

[1] سۈرە نىسائ، 145ــ146 ـ ئايەتلەر.

ئىشلار مۇنداق ئىككى نۇقتىغا چېتىلىدۇ: بىرى، ئاللاھنىڭ ساۋاب قىلىپ بەرگىنى، يەنە بىرى سىنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن قىلغىنىڭدۇر. ئاللاھنىڭ ساۋاب قىلىپ بەرگىنىگە قارىتا سەندىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى ئاللاھ ساۋاب نېمە قىلسا، شۇنىڭغا رازى بولۇش. سىنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن قىلغىنىڭدا بولسا قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئىشىڭدا ئاللاھقا ئىخلاس قىلىش. ئەنە شۇ چاغدا سەن ھەر ئىككى دۇنيادا بەختلىك بولىسەن».

سەن بەزى كىشىلەرنى كۆرسەڭ، ئۇلارنى ئىسلام ئۈچۈن قىزغىنلىق ۋە سەمىمىيلىك بىلەن ئەمەل قىلىۋېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ قالىسەن، بەلكىم ئۇمۇ ئۆزىنى شۇنداق ئويلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ كۆرۈنۈشتە باشقىلارنى رەببى ئۈچۈن ئەمەل قىلىۋاتقاندەك ئويغا كەلتۈرسىمۇ، ناۋادا ئۇنىڭ قەلبىنى تەكشۈرۈپ، ھەقىقىي نىيىتىنى سىناپ باقساڭ، ئۇنىڭ دىن تونىغا ئورىنىۋالغان دۇنياپەرەس ئىكەنلىكىنى، قىلغان ئىشىنى ئۆز نەپسى ئۈچۈن قىلىۋاتقان بىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭ مۇمكىن.

شەكسىزكى، ئاللاھ باشقا غەرەز ئارىلاشقان قەلبنى ۋە ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەمەللەردىن پەقەتلا ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن بولغىنىنىلا قوبۇل قىلىدۇ.

## دەۋەتچىلەر ۋە ئالىملار ئۈچۈن ئىخلاسنىڭ مۇھىملىقى

باشقىلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىۋاتقان، ئىسلامنىڭ نۇسرەت قازىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ھەرقانداق كىشى نىيىتىنى خالىس قىلىشى، ئۆزىگە ۋە رەببىگە ساختىلىق قىلماسلىقى لازىم. ئىمام غەززالىي ئىنسانلار ئىچىدىكى يۈز - ئابرۇيغا ئېرىشىش، كۆزگە كۆرۈنۈش، مەشھۇر بولۇش

ۋە ماختانچاقلىق پىتنىسى دېگەندەك ئىللەتلەر ھەققىدە توختالغاندىن كېيىن مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«بارچە مەخلۇقاتلار ئىچىدە بۇ سىناققا ئەڭ ئېغىر دۇچ كېلىدىغىنى ئۆلىمالاردۇر. چۈنكى، كۆپىنچە ئۆلىمالارنىڭ ئىلىم تارقىتىشىغا سەۋەب بولغان ئامىل باشقىلاردىن ئۈستۈن بولۇش، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىشىدىن خۇشاللىنىش، ماختاش ۋە كۆككە كۆتۈرۈشلەر بىلەن خۇرسەن بولۇش لەززىتىدۇر. شەيتان ئۇلارغا بۇ ئىشنى ئىلەشتۈرۈپ: سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلار ئاللاھنىڭ دىنىنى تارقىتىش ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى يولغا قويغان شەرىئەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، دەيدۇ. يەنە بىر قىسىم ۋەز ـ نەسىھەتچىلەرنىڭ باشقىلارغا ۋە سۇلتانلارغا ئۆزىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت قىلغانلىقىنى مىننەت قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، ئالقىشلاۋاتقانلىقىدىن خۇش بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. ھالبۇكى، ئۇ دىنىنىڭ نۇسرەت تاپقىنىدىن خۇش بولىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ ـ يۇ، ناۋادا ھەمتەڭلىرىدىن بىرەرسى ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشتا ئۇنىڭدىن ياخشىراق بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ يەنە بىرىنىڭ قېشىغا كەتسە، بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ غەمگە پاتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىلىم تارقىتىشىغا سەۋەب بولغان ئامىل دىن بولسىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئاللاھقا شۈكرى ئېيتقان بولاتتى. چۈنكى، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىسىنى باشقىلار ئارقىلىق ئورۇنداپ بەردى ـ ئەمەسمۇ؟! ئاندىن كېيىن شەيتان ئۇنى يەنە قويۇۋەتمەي: سېنىڭ قايغۇرۇشۇڭ ھەرگىز كىشىلەرنىڭ سەندىن باشقىلار تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس، پەقەت بۇ ئەمەل ئارقىلىق كېلىدىغان ساۋابنىڭ سەندىن ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىدىندۇر.

چۈنكى، ناۋادا كىشىلەر سىنىڭ سۆزۈڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالغان بولسا، سەن ئەلۋەتتە ساۋابقا ئېرىشكەن بولاتتىڭ. شۇڭا سىنىڭ ساۋابتىن قۇرۇق قالغانلىقىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇشۇڭ ماختاشقا ئەرزىيدۇ، دەيدۇ. ئەمما بۇ بىچارە ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇپ، بارچە ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشنىڭ ھەممىدىن ئەۋزەلرەك ۋە ساۋابى كۆپرەك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ».

ئىخلاسنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بولسا ئازغىنا بىر بۆلەك كىشىلەردىن باشقا ھەممەيلەن غەرق بولۇپ كەتكەن چوڭقۇر بىر دېڭىزدۇر. بۇ ئاز كىشىلەر ئاللاھ تائالا مۇنۇ سۆزىدە بايان قىلغان كىشىلەردۇر: «لېكىن ئۇلاردىن ئىخلاسمەن بولغانلار بۇنىڭ سىرتىدا»[1].

[1] سۈرە ساد، 38 ـ ئايەت.

ئۈچىنچى بۆلۈم

# ئىخلاسنىڭ پەزىلىتى ۋە رىيانىڭ خەتىرى

## نىيەت ۋە ئىخلاسنىڭ پەزىلىتى

نىيەتنىڭ ئورنى ۋە ئىخلاسنىڭ ئەھمىيىتى شۇنچىۋالا مۇھىم بولغانىكەن، ئۇ ئىككىسىنىڭ دىندىكى ئورنى ۋە پەزىلىتىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن قۇرئاندىن ۋە ھەدىستىن ئۆزۈندىلەرنى كۆپرەك نەقىل قىلىش ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بەندىلەرنى ئىخلاسقا بۇيرۇغان، كۆپلىگەن سۈرىلەردە، بولۇپمۇ مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەردە ئىخلاسقا كۆپرەك رىغبەتلەندۈرگەن. چۈنكى، مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەر تەۋھىدنى ساپلاشتۇرۇش، ئەقىدىنى تۈزەش ۋە ھەرىكەت يۆنىلىشىنى توغرىلاشقا چېتىلىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە مۇنداق دېگەن: ﴿ساڭا بىز (بۇ) كىتابنى ھەقىقەتەن ھەق بىلەن (يەنى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) نازىل قىلدۇق. دىنىڭنى شېرىكتىن (ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن. بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن ئاللاھقا خاستۇر﴾[1].

[1] سۈرە زۇمەر، 3 ــ 4 ـ ئايەتلەر.

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، دىنىمنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمەن. سىلەر ئاللاھتىن باشقا خالىغىنىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار﴾[1].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، مىنىڭ دىنىم، (بەرگەن) قۇربانلىقلىرىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان پۈتۈن ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋۋىلىمەن﴾[2].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى﴾[3].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرغان (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ئەمەلنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلغان)، باتىل دىنلاردىن بۇرالغان ھالدا ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىن دىن جەھەتتە ياخشىراق ئادەم بارمۇ؟﴾[4].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدىكەن) ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلغان

[1] سۈرە زۇمەر، 14 ـ 15 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەنئام، 142 ـ 143 ـ ئايەتلەر
[3] سۈرە بەييىنە، 5 ـ ئايەت.
[4] سۈرە نىسائ، 125 ـ ئايەت.

ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك قىلمىسۇن!﴾[1].

بىز ئىلگىرى قۇرئان كەرىمدە نىيەت ۋە ئىخلاس ئۇقۇملىرىنىڭ ئاخىرەتنى كۆزلەش، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش دېگەنگە ئوخشاش خىلمۇخىل ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكى ھەققىدە توختالغان ئىدۇق ھەم ئاللاھنىڭ كىتابىدىن شۇ مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئايەتلەرنىمۇ نەقىل قىلىپ ئۆتتۇق.

بەزى چاغدا، بولۇپمۇ مال ـ دۇنيا چىقىم قىلىش ۋە جىھاد قىلىش ئۇقۇمى بىلەن بىرگە قوللىنىلغان جايلاردا بۇ مەنە «في سبيل الله» (يەنى ئاللاھ يولىدا) دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. جىھاد قىلىشتىكى غايە ـ نىشان ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش بولمىسا، ھەرگىز ئاللاھنىڭ يولىدا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە سەھىھ ھەدىسلەر بار. مال ـ دۇنيا چىقىم قىلىش ۋە جىھاد قىلىش بابىدىمۇ يۇقىرىقىدەك مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېيىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئەمەللەردىمۇ نىيەت ساپ يەنى ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش بولمىسا، ئاللاھنىڭ يولىدا بولمايدۇ.

قۇرئان كەرىم مۆمىنلەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشتىكى غايىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئېنىق ئايرىپ بەرگەن بولۇپ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىمان ئېيتقان مۆمىنلەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ﴾[2].

دېمەك، ئىلگىرىكىلەر يەنى مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ سۆزىنى

[1] سۈرە كەھف، 110 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسائ، 76 ـ ئايەت.

ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن جىهاد قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ سۆزى بولسا تەۋھىد سۆزى، ھەق سۆزى، ئەدىل - ئادالەت سۆزى ۋە ياخشىلىق سۆزىدۇركى، بۇ سۆزلەر ئاللاھنىڭ دىنىدا ۋە شەرىئىتىدە ئەكس ئېتىدۇ. كېيىنكىلەر يەنى كاپىرلار شەيتاننىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. شەيتاننىڭ سۆزى بولسا ئاللاھتىن باشقا چوقۇنۇلىدىغان، ئۇلۇغلىنىدىغان، ئىتائەت قىلىنىدىغان ھەرقانداق نەرسە بولۇپ، ئۇ شېرىك سۆزى، باتىل سۆزى، زۇلۇم سۆزى، يامانلىق سۆزى ۋە زوراۋانلىق سۆزىدۇر.

قۇرئان كەرىم قىلغان ئەمەللىرى بىلەن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەيدىغان، كىشىلەرنىڭ رازىلىقى ۋە ماختاپ ئۇچۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە يۈگۈرمەيدىغان كىشىلەرنى كۆپ قېتىم مەدھىيەلىگەن.

ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ مىسكىنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان، ھېچكىمنىڭ مۇكاپاتلىشىنى ۋە تەشەككۇر بىلدۈرۈشىنى كۈتمەيدىغان ياخشى كىشىلەرمۇ مۇشۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھەقىقەتەن ياخشىلار كافۇر ئارىلاشتۇرۇلغان (مەي بىلەن تولدۇرۇلغان) جاملاردىن ئىچىدۇ. (ئۇ كافۇر جەننەتتىكى بىر بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ (ياخشى) بەندىلىرى ئىچىدۇ، ئۇ بۇلاقنى ئۇلار (خالىغان جايلىرىغا) ئېقتىپ بارالايدۇ. ئۇلار ئۆز ئۈستىگە قەسەم ئىچىپ ئالغان ئىشنى ئورۇندايدۇ ۋە دەھشىتى ئومۇميۈزلۈك بولغان كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقىدۇ. ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ): سىلەرگە بىز ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۇر كۈتمەيمىز.

شۇبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز﴾[1].

ئاللاھ يولىدا ماللىرىنى چىقىم قىلغۇچىلارمۇ مۇشۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر: ﴿ماللىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش ۋە نەپسلىرىنى (سەدىقە ـ ئېھسانغا) ئادەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن سەرپ قىلىدىغانلار ئېگىزلىككە جايلاشقان، قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا، مېۋىسى ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدىغان، ناۋادا قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولالمىسا، شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان (يەنى قايسى ھالدا بولسۇن مېۋە بېرىدىغان) بىر باغقا ئوخشايدۇ (دېمەك، بۇنداق خەير ـ ساخاۋەتلىك ئادەم مېلى كۆپ بولسا كۆپكە يارىشا، ئاز بولسا ئازغا يارىشا بېرىدۇ). ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ۋە بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بىرلىكتە سەۋر قىلىشقا، سىرتقى قىياپىتى سالاپەتلىك مۇشرىكلارنىڭ سۆھبىتىنى دەپ كۆزگە ئىلماي قالماسلىققا بۇيرۇغان مۆمىنلەرمۇ مۇشۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھ تائالا بۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿سەن پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن بىللە سەۋرچان بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇزىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن﴾[3].

---

[1] سۈرە ئىنسان، 5—10 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە بەقەرە، 265 ـ ئايەت.

[3] سۈرە كەھف، 28 ـ ئايەت.

ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە سەۋر قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ ماختىشىنى كۆزلىگەنلىكتىن ياكى ئەيىبلىشىدىن قورققانلىقتىن ياكى دۇنيانىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەنلىكتىن سەۋر قىلىدىغان ئەقىل ئىگىلىرىمۇ مۇشۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مۇنداق دەپ مەدھىيىلىگەن: ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە) سەۋر قىلغانلار، (پەرز نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن) ئاللاھ يولىدا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ سالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇئامىلىدە بولىدىغانلار) ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ﴾[1].

دېمەك، سىنىڭ ئەمەل قىلىشىڭ مۇھىم ئەمەس. مۇھىم بولغىنى قىلغان ئەمىلىڭدە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىشىڭدۇر. مۇشۇنداق بولغاندا سېنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولۇشى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ساۋاب بېرىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبەتلىرىنىڭ تولىسىدا ياخشىلىق يوقتۇر، پەقەت سەدىقىگە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە بۇيرۇغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭ سىرتىدا. كىمكى ئاشۇ (ئىش) لارنى ئاللاھنىڭ

[1] سۈرە رەئد، 22 ـ ئايەت.

رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز﴾[1].

تۆۋەنىدە نەقىل قىلىنىدىغان ھەدىسلەر ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن يامان كۆرۈش، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بېرىش ۋە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بەرمەسلىككە تەرغىب قىلىش دېگەنىدەك مەسىلىلەر ھەققىدە بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىخلاسقا دالالەت قىلىدىغان ئۇقۇملارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداق ئادەم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرسە، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن يامان كۆرسە، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بەرسە، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بەرمىسە، ئىمانىنى ھەقىقەتەن مۇكەممەل قىلغان بولىدۇ»[2].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك خىسلەت بار. كىمكى شۇ ئۈچ خىسلەتكە ئىگە بولسا، ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالايدۇ: ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن بەكرەك ياخشى كۆرەلىسە، بىرەر كىشى بىلەن دوست بولۇشتا پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا دوست بولسا، ئاللاھ كۇفرىدىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن كۇفرىغا قايتىشنى خۇددى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرسە»[3].

---

[1] سۈرە نىسائ، 114 ـ ئايەت.

[2] ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان؛ «جامىئۇس سەغىير»، 5965 ـ ھەدىس.

[3] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس، «لۇئلۇئۇل مەرجان»، 26 ـ ھەدىس.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس ۋە بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن مەرفۇئ ھالەتتە رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىمان تۇتقىلىرىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەمراقى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ دوست بولۇش، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ دۈشمەنلىشىش، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ياخشى كۆرۈش ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ يامان كۆرۈشتۇر»[1].

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس قۇدسىيدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ مۇھەببىتىم مېنى دەپ ئۆزئارا دوستلاشقانلارغا تېگىشلىك، مېنىڭ مۇھەببىتىم مېنى دەپ بىر - بىرىگە سىلە - رەھىم قىلىشقانلارغا تېگىشلىك، مېنىڭ مۇھەببىتىم مېنى دەپ بىر - بىرىگە نەسىھەت قىلىشقانلارغا تېگىشلىك، مېنىڭ مۇھەببىتىم مېنى دەپ ئۆزئارا يوقلاشقانلارغا تېگىشلىك، مېنىڭ مۇھەببىتىم مېنى دەپ بىر - بىرى ئۈچۈن قۇربان بېرىشكەنلەرگە تېگىشلىكتۇر. مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ ئۆزئارا دوست بولۇشقانلار (قىيامەت كۈنى) نۇردىن ياسالغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ئورنىغا پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شېھىتلارمۇ ھەۋەس قىلىدۇ»[2].

بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدە ھەممىيلەن كۆز تىكىدىغان ئىجتىمائىي مەرتىۋىلەرنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن، شۇنداقلا نام - ئاتاق، شان - شۆھرەتتىن بەھرىمەن بولالمىغان نامسىز قەھرىمانلارنى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن ھەدىسلەرمۇ بار.

---

[1] تەيالسىي، ھاكىم، تەبەرانىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان؛ «جامىئۇس سەغىير»، 2539 - ھەدىس.

[2] ئىمام ئەھمەد، ھاكىم، تەبەرانىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان؛ «جامىئۇس سەغىير» 4321 - ھەدىس.

مەسىلەن، سەھىھ مۇسلىمدا نەقىل قىلىنغان ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «چاچلىرى پاخپاق، ھېچكىم ئۆيىگە باشلىمايدىغان بەزى كىشىلەر باركى، ناۋادا ئۇلار ئاللاھنىڭ نامى بىلەن (بىرەر ئىشنى قىلىش توغرىسىدا) قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇلارغا قەسىمىنى ئورۇنلاش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدۇ».

ھاكىمنىڭ رىۋايىتىدە: «چاچلىرى پاخپاق، ئۇستىبېشىنى توپا - چاڭ باسقان، كىيىملىرى كونىراپ كەتكەن، باشقىلارنىڭ ئانچە نەزىرى چۈشمەيدىغان، كىشىلەر قەستەن كۆرمەسكە سالىدىغان بەزى ئادەملەر باركى، ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەسىمىنى ئورۇنلاش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدۇ» دېيىلگەن[1].

سەھىھۇل بۇخارىيدا نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىن بىر كىشى ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدا ئولتۇرغان ساھابىگە:

- «بۇ ئادەمگە قانداق قارايسەن؟» - دېدى. مەزكۇر ساھابە:

- ئۇ ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىدۇر. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ناۋادا ئۇ بىرەرسىگە ئۆيلىنىش تەلىپى قويسا رەت قىلىنمايدۇ. بىرەر كىشىگە ئارىچىلىق قىلسا، ئارىچىلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈكۈت قىلدى. بىردەمدىن كېيىن يەنە بىر كىشى ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە يېنىدىكى ساھابىگە:

[1] ھاكىم: «ئەلمۇستەدرەك»، 4 - جىلد، 328 - بەت.

ـ «بۇ ئادەمگە قانداق قارايسەن؟» ـ دېدى. مەزكۇر ساھابە:

ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئادەم مۇسۇلمانلارنىڭ كەمبەغەللىرىدىن بىرى. ئەگەر ئۇ بىرەرسىگە ئۆيلىنىش تەلىپى قويسا رەت قىلىنىدىغان، شاپائەت قىلسا شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، سۆز قىلسا سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان كىشىدۇر، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ «سەن ئاجىز دەۋاتقان بۇ كىشى باياتىنقى كىشىلەردىن زېمىنغا توشقىچە بولغىنىدىن كۆپ ياخشىدۇر» ـ دېدى[1].

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە شۇنداق كىشىلەر باركى، ناۋادا ئۇ ئاراڭلاردىن بىرىڭلارنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر تىللا سورىسا، بەرمەيدۇ، بىر تەڭگە سورىسىمۇ بەرمەيدۇ، ھەتتا بىر فۇلۇس سورىسىمۇ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئاللاھتىن جەننەتنى سورىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى بېرىدۇ»[2].

بۇ ھەقتە كەلگەن ئەسەرلەردىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىيگە يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دەيدۇ: «كىمنىڭ نىيىتى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشى بىلەن باشقىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارغا يېتەرلىكتۇر».

مۇتەررىف مۇنداق دەيتتى: «ھەر كىمنىڭ نىيىتى ساپ بولسا پايدىسى ئۆزىگە، كىمنىڭ نىيىتى قارا بولسا، زىيىنى ئۆزىگە».

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

[2] تەبەرانىي: «ئەۋسەت»، 7 ـ جىلد، 7548 ـ ھەدىس.

مەئرۇف ئەلكەرخىي ئۆز - ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ: «ئەي كۆڭۈل! ساپ بولغىن، خاپىلىقتىن قۇتۇلىسەن» دەيتتى.

سالىھلاردىن بىرى يەنە بىر قېرىندىشىغا: «ئەمەللىرىڭدە نىيىتىڭنى خالىس قىلساڭ، ئاز ئەمەلمۇ ساڭا يېتىپ ئاشىدۇ» دەپ يازغان ئىكەن.

جۇنەيد مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن، ئاللاھنىڭ ئەقىل ئىشلىتىدىغان بىر بۆلەك بەندىلىرى باركى، ئۇلار ئەقىللىرىنى ئىشلەتكەن چاغدا ئەمەل قىلىدۇ، ئەمەل قىلغاندا نىيەتلىرىنى خالىس قىلىدۇ. ئاندىن ئىخلاس ئۇلارنى بارچە ياخشىلىقنىڭ يوللىرىغا چاقىرىدۇ».

## رىياكارلىقتىن ئاگاھ بولۇش

نىيەت، ئىخلاس ۋە سەممىيەتكە قىزىقتۇرۇش ھەققىدە ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ بولغىنىغا ئوخشاش، رىياكارلىقنىڭ ۋە ئاخىرەت ئەمەللىرى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەشنىڭ ئاپەتلىرىدىن قورقۇتىدىغان ۋە ئاگاھلاندۇرىدىغان، شۇنداقلا يەنە بىر ئىشتىن، يەنى يۈز - ئابرۇي، نام - ئاتاق ۋە خالايىقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشنى ياخشى كۆرۈشتىن قورقۇتىدىغان ۋە ئاگاھلاندۇرىدىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرمۇ خېلى كۆپ.

## قۇرئان رىياكارلىقتىن ۋە رىياخورلاردىن ئاگاھلاندۇرىدۇ

شەك - شۈبھىسىزكى، رىياكارلىق ئىنساننىڭ روھى ۋە ئەمىلىگە ئېغىر دەرىجىدە خەتەر ئېلىپ كېلىدىغان قەلب

مەسىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىنسانىنى ھالاك قىلغۇچى چوڭ گۇناھلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇڭلاشقا، قۇرئان ۋە ھەدىستە بۇ ئىشقا قارىتا ئىنتايىن قاتتىق تەھدىتلەر بار.

قۇرئان كەرىمدە رىياكارلىق ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ پاكى ئىبىزلىرىدا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق دەپ قويۇپ ئەمەلىيەتتە ئىشەنمەيدىغان مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۆمىنلەر! پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا ـ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇر دىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچقانداق ساۋابقا ئىگە بولالمايدۇ. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1].

يەنە بىر سۈرىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار ماللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، ئۇلار ئاللاھقا ئىشەنمەيدۇ، ئاخىرەت كۈنىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. كىمكى ئۆزىگە شەيتانىنى ھەمراھ قىلىدىكەن (ئۇ شەيتانىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىدۇ). شەيتان نېمىدېگەن يامان ھەمراھ﴾[2].

---

[1] سۈرە بەقەرە، 244 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسائ، 38 ـ ئايەت.

بۇ دەسلەپكى يارىتىلىشقىمۇ، قىيامەتكىمۇ ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ رىياكارلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ قىلغان چىقىملىرى رىياكارلىق بولغان ئىكەن، ئەلۋەتتە جىھاد ۋە غازاتقا چىقىشلىرىمۇ رىياكارلىق بولۇپ، ئۇ ئەمەللەردە ئاللاھ ئۈچۈن ھېچقانداق نىيەت يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(ئى مۆمىنلەر!) يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى) گە ئوخشاش بولماڭلار، ئۇلار (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدۇ﴾[1].

مۇناپىقلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ. ئۇلار ناماز ئۈچۈن تۇرغاندا، خۇشياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ. (نامازنى) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ (يەنى رىياكارلىق قىلىدۇ). ئاللاھنى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ﴾[2].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ. ئۇلار قولىقا بەرمەيدۇ﴾[3].

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تەھدىت سالغان «ۋەيل» ھالاكەت ۋە ئازابتۇر.

---

[1] سۈرە تەۋبە، 47 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسائ، 142 ـ ئايەت.

[3] سۈرە مائۇن، 5ــ 7 ـ ئايەتلەر.

## رىياكارلىقنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان بىر بۆلەك ھەدىسلەر

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، مەن ئۇ ھەدىسلەر ئىچىدىن پەقەت ھافىز ئەلمۇنزىرىينىڭ «ئەتتەرغىيب ۋەتتەرھىيب» ناملىق كىتابىدىن تاللاپ ئالغىنىمنىلا نەقىل قىلىپ ئۆتىمەن.

ھافىز ئەلمۇنزىرىي «رىياكارلىقتىن قورقۇتۇش» ھەققىدە بىرمۇنچىلىغان ھەدىسلەرنى نەقىل قىلغان بولۇپ، مەن ئۇ ھەدىسلەردىن پەقەت ئونىنى تاللاپ ئالدىم. ھافىز بۇ ھەدىسلەرنى مۇنداق مۇھىم بىر ھەدىس بىلەن باشلىغان بولۇپ، بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان. سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنىڭ تېكىستى مۇنداق:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى بىرىنچى بولۇپ ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كىشى شېھىتتۇر. ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەلتۈرۈلۈپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن نېمىتىنى تونۇتىدۇ، ئۇمۇ تونۇيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭدىن: «ئۇ نېمەتلەر بىلەن نېمە قىلدىڭ؟» دەپ سورايدۇ. ئۇ كىشى: سېنىڭ يولۇڭدا جىھاد قىلىپ شېھىت بولدۇم، دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: «يالغان ئېيتتىڭ، سەن قەھرىمان ئاتىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلدىڭ، ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئاتالدىڭ» دەيدۇ. ئاندىن ئۇ بۇيرۇق بويىچە يۈزى بىلەن سۆرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن، قۇرئان ئوقۇغان كىشى كەلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن نېئمىتىنى تونۇتىدۇ، ئۇمۇ تونۇيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: «ئۇ نېئمەتلەر بىلەن نېمە ئىش

قىلدىڭ؟» دەيدۇ. ئۇ: ئىلىم ئۆگەندىم ۋە ئۆگەتتىم، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇدۇم، دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: «سەن ئالىم ئاتىلىش ئۈچۈن ئۆگەندىڭ، قۇرئاننى قارىي ئاتىلىش ئۈچۈن ئوقۇدۇڭ ھەم ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئاتالدىڭ» دەيدۇ. ئاندىن ئۇمۇ بۇيرۇق بويىچە يۈزى بىلەن سۆرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تۈرلۈك ماللارنى بېرىپ، كەڭرىچىلىك ئاتا قىلغان كىشى كەلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن نېئمەتنى تونۇتىدۇ، ئۇمۇ تونۇيدۇ. ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا: «ئۇ نېمەتلەر بىلەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟» دەيدۇ. ئۇ كىشى: سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن سەن پۇل - مال سەرپ قىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى يوللاردىن بىرىنىمۇ قالدۇرماي سەرپ قىلدىم، دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: «يالغان ئېيتتىڭ، سەن سېخىي ئاتىلىش ئۈچۈن پۇل خەجلىدىڭ ھەم شۇنداق ئاتالدىڭ» دەيدۇ. ئاندىن ئۇمۇ بۇيرۇق بويىچە دۈم سۆرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ»[1].

مەن دەيمەن: بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەت بولۇپ، مۇئاۋىيەگە بۇ ھەدىس يەتكەن چاغدا يىغلاپ ھوشىدىن كەتكەن. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راست ئېيتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿(قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەقەت) ھاياتىي دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننىتىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېمەتلىرىنى) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى بۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز، دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر﴾[2].

---

[1] ئىمام مۇسلىم، نەسائىي ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە ھۇد، 15 — 16 - ئايەتلەر.

بەزىلەر: ئۇ كىشى شۇنچىۋالا ياخشىلىقلارنى قىلغان تۇرسىمۇ، نېمىشقا بۇنچىۋالا قاتتىق ئازاب بىلەن تەھدىت سېلىنىدۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئىسلام دىنى ئەمەلنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەندىن ئەمەلگە تۈرتكە بولغۇچى ئامىلغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئىنسانغا ساختىلىق قىلىشى ئەڭ يامان رەزىللىك ۋە ئەڭ قەبىھ جىنايەت ئىكەنلىكى ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىگىمۇ مەلۇم. ئۇنداق بولغان ئىكەن، مەخلۇقنىڭ ئۆز ياراتقۇچىسىغا ساختىلىق قىلىشى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ھەم قەبىھ جىنايەتتۇر. مانا بۇ ئەمەل دەل رىيا قىلغۇچىنىڭ يالغان ۋە ساختىلىق بىلەن كۆرۈنۈشتە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەندەك كۆرۈنۈپ تۇرۇپ ئىنسانلارنى خۇش قىلىش ئۈچۈن قىلغان ئەمىلىدۇر. شۇڭا پۈتۈن سىرلار ئاشكارا بولىدىغان كۈندە ئاللاھ تائالانىڭ بۇنداق رىياكارنى رەسۋا قىلىشى ھەمدە ئۇنىڭ يۈزىچە سۆرىلىپ دوزاخقا تاشلىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن قەتادە مۇنداق دېگەن: «ناۋادا بەندە رىياكارلىق قىلسا، ئاللاھ تائالا پەرىشتىلىرىگە: ئۇنىڭغا قاراڭلا! ئۇ مېنى قانداق مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ؟ دەيدۇ».

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۈممەتكە پارلاق كەلگۈسى، يۈكسەكلىك، دىن ۋە يەر شارىدا قۇدرەت تېپىش بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن. مۇسۇلمانلاردىن قانداق ئادەم دۇنيانى كۆزلەپ ئاخىرەتنىڭ ئەمىلىنى قىلسا، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ھېچقانداق نېسىۋە بولمايدۇ»[1].

ئىمام بەيھەقىينىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

---

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

مۇنـــداق دېـــگەن: «بــۇ ئۈممەتكە ئاسانچىلىق، پارلاق كەلگۈسى، دىندىكى يۈكسىلىش، يۇرتلاردا قۇدرەت تېپىش ۋە غەلىبــە قــازىنىش بىـــلەن خۇش بېشارەت بەرگـــىن. مۇســۇلمانلاردىن قانــداق ئــادەم ئاخىرەتنىڭ ئەمىلىنى دۇنيانى كۆزلەپ قىلسا، ئۇ ئــادەم ئۈچۈن ئــاخىرەتتە ھېچقانــداق نېسىۋە بولمايدۇ».

جۇنـــدۇب ئىبنـــى ئابــدۇللاھ رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـۇدىن رىــۋايەت قىلىنىـــدۇكى، پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداق ئــادەم (بىـرەر ئەمەلنـى) باشقىلار ئاڭلىسۇن دەپ قىلغـان بولسـا، ئاللاھ تائـالا (قىيامەت كۈنى) ئۇ كىشىنى (پۈتكۈل خالايـق ئالدىـدا) سـازايى قىلىدۇ. قانداق ئــادەم (بىـرەر ئەمەلنـى باشقىلارغا) كۆرسـىتىش ئۈچۈن قىلغـان بولسـا، ئاللاھ تائـالا (قىيامەت كۈنى) ئۇ كىشىنىڭ (كۆڭلىدىكى مەقســتىنى) ئاشكارىلىۋېتىدۇ»[1].

مۇئـــاز ئىبنـــى جەبەل رەزىيەللاھـــۇ ئەنھـۇدىن رىـــۋايەت قىلىنىـــدۇكى، پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداق بەندە بۇ دۇنيادا نـام ـ شـۆھرەتكـە ئېرىشـىش ۋە باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن ئەمەل قىلسا، ئاللاھ تائـالا قىيـامەت كـۈنى ئۇنـى پۈتكۈل خالايـق ئالدىدا رەسۋا قىلىدۇ»[2].

مەھمۇد ئىبنى لەبىيدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كىشى مۇنداق دەيـدۇ: پەيغەمـبەر ئەلەيھىســـسالام (كىـــشىلەرنىڭ قېـــشىغا) چىقىـــپ: «ئەي خـــالايىق! قەلبلەرنىـــڭ شېرىكلىرىدىن ساقلىنىڭلار» دېدى. ساھابىلەر: ئى ئاللاھنىـڭ پەيغەمبىرى! قەلبلەرنىڭ شېرىكلىرى دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىر ئادەم نامازغا تۇرىـدۇ ۋە كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

[2] تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان.

تۇرغانلىقى ئۈچۈن نامىزنى ئىنتايىن جاپا تارتىپ، مۈكەممەل ئوقۇيدۇ. مانا بۇ قەلبلەرنىڭ شېرىكلىرىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى[1].

زەيد ئىبنى ئەسلەم دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسچىتكە مېڭىۋاتقاندا مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: نېمىگە يىغلاۋاتىسەن؟ دېگەن. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان مۇنۇ ھەدىس يىغلىتىۋاتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رىياكارلىقنىڭ ئەڭ تۆۋىنىمۇ شېرىكتۇر، قانداق ئادەم ئاللاھ دوست تۇتقان بەندىلەرنى دۈشمەن تۇتسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا يوقاپ كەتسە يوقلانمايدىغان، بار بولسىمۇ ھېچكىم تونۇمايدىغان، قەلبلىرى ھىدايەت چىراغلىرىغا ئوخشايدىغان، ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەتلىك، ئېغىر ئىشلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقىدىغان، ياخشى، تەقۋادار، باشقىلار ئانچە تونۇپ كەتمەيدىغان كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ»[2].

مەھمۇد ئىبنى لەبىيدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەكسىزكى، مېنىڭ سىلەردىن ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم كىچىك شېرىكتۇر» دېدى. ساھابىلەر: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رىيا قىلىش. ئاللاھ تائالا پۈتكۈل ئىنسانلار قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا جازا بېرىلىگەن چاغدا: سىلەر ھاياتىي دۇنيادا ئەمەللىرىڭلارنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلغان كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ قاراپ بېقىڭلار،

[1] ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىبنى ماجە، ھاكىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

ئۇلارنىڭ قېشىدا مۇكاپاتقا ئېرىشەلەمدىكەنسىلەر؟ دەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مەن شېرىكلەردىن بىھاجەت، قانداق ئادەم بىرەر ئەمەلنى ماڭا مەندىن باشقىلارنى شېرىك قىلىپ تۇرۇپ قىلسا، مەن ئۇنىڭدىن ئادا ـ جۇدامەن. ئۇ ئەمەل ئاشۇ شېرىك قىلغان نەرسە ئۈچۈندۇر»[2].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى مۆھۈر بېسىلغان نامە ـ ئەمەل دەپتەرلىرى كەلتۈرۈلۈپ، ئاللاھنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا: ماۋۇنى تاشلىۋېتىڭلار، ماۋۇنى قوبۇل قىلىڭلار، دەيدۇ. پەرىشتىلەر: سېنىڭ ئىززىتىڭ ۋە كاتتىلىقىڭ بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز (بۇ سەھىپىلەرگە) پەقەت ياخشى ئەمەللەرنىڭلا يېزىلغانلىقىنى كۆردۇق، دېيىشىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا: شەكسىزكى، بۇ ئەمەللەر مېنىڭ رازىلىقىمدىن باشقا مەقسەتتە قىلىنغان. مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەلنىلا قوبۇل قىلىمەن دەيدۇ»[3].

ئەبۇ ئەلىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دېدى:

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە بەيھەقىي رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى خۇزەيمە رىۋايەت قىلغان.

[3] بەززار ۋە تەبەرانىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

ئەي ئىنسانلار! بۇ شېرىكتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى، بۇ شېرىك چۈمۈلىنىڭ ئۆمىلەپ ماڭغىنىدىنمۇ مەخپىيراقتۇر، دېدى. ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى ھەزن ۋە قەيس ئىبنى مۇزارىب ئورنىدىن تۇرۇپ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يا سەن دېگەن گېپىڭگە دەلىل كەلتۈرسەن، يا بىز خەلىپە ئۆمەر رۇخسەت قىلسۇن - قىلمىسۇن ھۇزۇرىغا چوقۇم بارىمىز، دېدى. ئاندىن ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن ئەلۋەتتە دېگەن گېپىمنىڭ دەلىلىنى كەلتۈرىمەن. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە خۇتبە سۆزلەپ: «ئەي ئىنسانلار! بۇ شېرىكتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى، بۇ شېرىك چۈمۈلىنىڭ ئۆمىلەپ ماڭغىنىدىنمۇ مەخپىيراقتۇر» دېدى. ئاندىن شۇ يەردە ئاللاھ تائالا سۆز قىلىشنى خالىغان بىر كىشى سۆز قىلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ، چۈمۈلىنىڭ ئۆمىلەپ ماڭغىنىدىنمۇ مەخپىيراق تۇرسا، بىز ئۇنىڭدىن قانداق ساقلىنالايمىز؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ! بىز ساڭا ئۆزىمىز بىلىدىغان نەرسىلەرنى شېرىك قىلىپ قويۇشىمىزدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز، بىلمەي قىلىپ قويغان گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن سەندىن مەغپىرەت تىلەيمىز، دەڭلار» دېدى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى رىياكارلىقنىڭ ئاپەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغاندەك يەنە بىر ئاپەتتىنمۇ ئاگاھلاندۇرغان بولۇپ، ئۇ ئاپەت بولسا يۈز - ئابرۇي ۋە نام - شۆھرەتنى ياخشى كۆرۈش ھەمدە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە مەرتىۋىلىك بولۇشقا ھېرىسمەن بولۇشتۇر.

ئەسەرلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق بايان بار: مال - دۇنيا ۋە يۈز -

---

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

ئابرۇينى ياخشى كۆرۈش خۇددى سۇ ئوت - چۆپلەرنى ئۆستۈرگىنىدەك قەلبتە نىفاق پەيدا قىلىدۇ.

بەزى كىشىلەرنىڭ يۈز - ئابرۇي ۋە مەرتىۋىگە ھېرىسمەنلىكى مال - دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكىدىنمۇ كۈچلۈكرەك بولىدۇ. بەزىدە يۈز - ئابرۇي ۋە نام - ئاتاقنى ئېرىشىش ئۈچۈن رازىمەنلىك بىلەن نۇرغۇن مال - مۈلۈك سەرپ قىلىنىدۇ. ئىمام غەززالىي يۈز - ئابرۇيىنىڭ ئۈچ جەھەتتىن مال - دۇنيادىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مەرفۇئ ھالەتتە رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «پادىغا چۈشكەن ئىككى چىلبۆرىنىڭ زىيىنىمۇ بىراۋنىڭ مال - دۇنياغا ۋە مەرتىۋىگە ھېرىسمەنلىكى تۈپەيلىدىن دىنىغا سالغان زىيىنىدىنمۇ ئېغىرراق ئەمەس»[1].

يۇقىرىدا رىياكارلىقتىن، مال - دۇنيا، يۈز - ئابرۇي ۋە نام - ئاتاقنى ھېرىسمەنلىكتىن چەكلەش توغرىسىدا نەقىل قىلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر بىزگە قەلب مەسىيەتلىرىنىڭ خەتەرلىرىنى ۋە ئاپەتلىرىنى، قارىماققا ياخشى ئەمەلدەك كۆرۈنىدىغان، ئەمما ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى يوق قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، قەلبنىڭ ئىتائەتمەنلىكى باشقا ئەزالارنىڭ ئىتائەتلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، ئىخلاس پۈتۈن ئىتائەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. چۈنكى، «ئىخلاس» بارلىق ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتىدۇر. ئۇنداقتا بۇ «ئىخلاس»نىڭ ھەقىقىي مەنىسى نېمە؟

كېيىنكى بۆلۈمدە مۇشۇ ھەقتە توختىلىمىز.

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

تۆتىنچى بۆلۈم

# ئىخلاسنىڭ ماھىيىتى

## تونۇشتۇرۇش

قەدىمدىن تارتىپ تەرىقەتچىلەر ئىخلاسنىڭ ماھىيىتىنى خىلمۇخىل شەكىلدە تونۇشتۇرۇپ كەلگەن. ھەربىرى ئىخلاسنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىگە ياكى ئىخلاس ئۇقۇملىرىدىن مەلۇم بىر ئۇقۇمغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن، ياكى كەلتۈرگەن ئىبارە ئۇخشىمىغان تەقدىردىمۇ، يەنە بىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئۇقۇمنى تەكىتلىگەن.

ئۇستاز ئەبۇلقاسىم ئەلقۇشەيرىي رىسالىسىدە مۇنداق دېگەن:

«ئىخلاس» نىيەت بىلەن بىرگە يالغۇز ئاللاھقىلا ئىتائەت قىلىشتۇر. بۇ دېگەنلىك، بىراۋ ئىتائىتى ئارقىلىق بىرەر مەخلۇق ئۈچۈن ياسالمىلىق قىلىش ياكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇش ۋە ياكى باشقىلارنىڭ ماختىشىنى كۆزلەش دېگەندەك ئىشلاردىن ھېچبىرىنى، تائەت ـ ئىبادىتى ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىشتىن باشقا ھېچنېمىنى كۆڭلىگە پۈكمەي، پەقەت ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىلا كۆزلەش دېگەنلىكتۇر. ئىخلاس «ھەرقانداق ئىشنى مەخلۇقلارنى نەزەردە تۇتۇپ قىلىدىغان غەرەزدىن ساپلاشتۇرۇش» دېيىلسىمۇ توغرا بولىدۇ.

ئىخلاس «كىشىلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈشتىن ساقلىنىش»

دېيىلسىمۇ بولىدۇ.

شەيخ جۇنەيد مۇنداق دېگەن: «ئىخلاس ئاللاھ بىلەن بەندە ئارىسىدىكى بىر سىردۇر. ئۇنى پەرىشتىمۇ بىلەلمەيدۇكى، ئەگەر بىلسە يازغان بولاتتى. شەيتانمۇ بىلەلمەيدۇكى، ئەگەر بىلسە بۇزغان بولاتتى. ھاۋايى - ھەۋەسمۇ بىلەلمەيدۇكى، ئەگەر بىلسە ئۆزىگە مايىل قىلىۋالاتتى».

بۇ ھەقتە بىر ھەدىس قۇدسىيمۇ بار. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەلقۇشەيرىي ئۆز سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ئىخلاس مېنىڭ سىرلىرىمدىن بىر سىردۇر، مەن ئۇنى بەندىلىرىم ئىچىدىن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ قەلبىگە يەرلەشتۈرىمەن»[1].

ئەبۇ ئوسمان مۇنداق دەيدۇ: «ئىخلاس ياراتقۇچىنىڭ پەزلى - مەرھەمىتىنىلا ئويلاپ مەخلۇقاتلارنىڭ كۆرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشتۇر».

ھۇزەيفە ئەلمەرئەشىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىخلاس بەندىنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە ئوخشاش بولۇشىدۇر».

پازىللارنىڭ بىرى ئىخلاس ھەققىدە سورالغاندا: «قىلغان بارلىق ئەمەللىرىڭگە ئاللاھتىن باشقىسىنى گۇۋاھچى قىلماسلىقىڭدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

زۇننۇن مۇنداق دەيدۇ: «ئىخلاسنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر:

[1] ئىمام ئەلقۇشەيرىينىڭ دوكتور ئابدۇلھەلىيم مەھمۇد ۋە مەھمۇد ئىبنى شەرىف نەشرگە تەييارلىغان: «رىسالە» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1 - جىلد، 443 - بەتكە قارالسۇن؛ بۇ ھەدىسنى ھافىز ئىراقىيمۇ: «ئەلمۇغنىي ئەن ھەملىل ئەسفار فىلئەسفار» ناملىق ئەسەرىدە نەقىل قىلغان.

بىرىنچىسى، ئىنسانلار ماختىسۇن ياكى ئەيىبلىسۇن بىر خىل يول تۇتۇش. ئىككىنچىسى، ئەمەل قىلىۋاتقاندا باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرىنى كۆرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىش. ئۈچىنچىسى، ئەمەلنىڭ ئاخىرەتتىكى ساۋابىنىڭ نەتىجىسىنى ئۇنتۇپ كېتىش».

سەھل ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «رىيانى پەقەت ئىخلاسمەن كىشىلەرلا تونۇيالايدۇ»[1].

## ئىخلاسمەنلىكنى يېتىلدۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىللار

تۆۋەندە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغانلىرىمىز ئىخلاسنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم ئامىللارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولۇپ، بۇ ئامىللار تۆۋەندىكىچە:

1. ئىخلاسمەن كىشى مەخلۇقلارنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچى زاتنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى، مەخلۇقلار ئاللاھنىڭ ئازابى، رەھمىتى ياكى مەغپىرىتى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنى دەپ ئەمەل قىلىش شېرىكتۇر، كىشىلەرنى دەپ ئەمەلنى تەرك ئېتىش رىيادۇر. ئىخلاس دېگەن ئاللاھنىڭ سېنى بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىدىن ساقلىشىدۇر».

2. ئىخلاسمەن كىشىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە قەلبى،

[1] يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ سۆزلىرى ئۈچۈن ئىمام ئەلقۇشەيرىينىڭ «رىسالە» ناملىق ئەسىرى، 1 ـ جىلد، 443 ـ 446 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

ئىچى ۋە تېشى بىردەك بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا تېشى پارقىراق، ئىچى يالتىراق، سىرتى ھەسەلدەك، ئىچى سېسىق تاۋۇزدەك ئاچچىق بولمايدۇ. سەررىي ئەسسەقتىي مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئۆزىدە يوق بىر خىسلەتنى بار قىلىپ كۆرسىتىشكە ئورۇنسا، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ».

3. كىشىلەر ماختىسىمۇ، ئەيىبلىسىمۇ بىر خىل بولۇش. بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: «مۇبادا سەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ماختاشقا سازاۋەر بولالىساڭ، كىشىلەرنىڭ ھەرقانچە ئەيىبلىشىگە ئۇچرىساڭمۇ ساڭا قىلچە زىيىنى يوق. بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، مۇبادا سەن ئاللاھنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىساڭ، ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ھەرقانچە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغىنىڭنىڭ ساڭا قىلچە پايدىسى يوق».

4. ئىخلاسقا قاراپ تەمەننا قىلماسلىق. چۈنكى، تەمەننا قىلىش ئىنساننى ھالاك قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇغان كىشىلەر ئەمەللەرنى باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىكنى تەكىتلەيدۇ. ئەبۇ يەئقۇب ئەسسۇسىي مۇنداق دېگەن: «ئەمەل قىلغۇچىلار مېنىڭ ئىخلاسىم ساپ دەپ قارىسا، ئۇنىڭ ئىخلاسى يەنىمۇ ساپلاشتۇرۇشقا موھتاج».

ئەبۇ بەكرى دەققاق مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق ئىخلاسمەنىنىڭ يېتەرسىزلىكى ئۆزىنى «ئىخلاسمەن» دەپ قارىشىدۇر. ناۋادا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىخلاسىنى خالىس قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئىخلاسىدىن ئۆزىنى ئىخلاسمەن دەيدىغان خىيالنى چىقىرىۋېتىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئۆزىنى ئىخلاسمەن دەپ قارىغۇچى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئىخلاس قىلغۇچى بولىدۇ».

5. ئىخلاس ئامىللىرىنىڭ يەنە بىرى ئەمەلنىڭ ئاخىرەتتىكى

ساۋابىنىڭ نەتىجىسىنى ئۇنتۇپ كېتىش. چۈنكى، ئىخلاسمەن كىشى ئۆز ئەمىلىگە ئۆزىمۇ تۇيماي شەخسىي غەرەزنى ئارىلاشتۇرۇپ قېلىشتىن، ئۇ ئەمەلنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قوبۇل بولماي قېلىشىدىن خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (ئەمەللىرىنىلا) قوبۇل قىلىدۇ﴾[1].

ئەمەللەر ھەرقانچە كاتتا بولسۇن، شەكسىزكى، ئۇ ئەمەل ئاللاھ بەندىلىرىگە ئىنئام قىلغان نېمەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن بىر نېمەتكىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ئەمەلنى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش يەنىلا شۇ ئاللاھنىڭ نېمىتىدۇر. دېمەككى، ئاللاھ تائالا باشتىن ـ ئاخىر پەزلى مەرھەمەت ساھىبىدۇر. شۇڭا ئىخلاسمەن بىر بەندىنىڭ نەزىرىدە ئەمەل دېگەن ئەمەل قىلغۇچى بەندىنى بىۋاسىتە ساۋاب ـ مۇكاپاتقا ئېرىشتۈرەلمەيدۇ، بەلكى ئىخلاسمەن كىشى ساۋاب ـ مۇكاپاتنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بەرگەن پەزلى ئېھسانى دەپ بىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلارنى ئەملى ھەرگىز جەننەتكە كىرگۈزەلمەيدۇ» دېگەندە، ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللا! سەنمۇ شۇنداقمۇ؟ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە، مەنمۇ شۇنداق. لېكىن ئاللاھ تائالا مېنى ئۆز رەھمىتىگە ئالغان» دەپ جاۋاب بەرگەن[2].

6. ئىنسان ئۆزىمۇ سەزمەيلا كۆڭلىگە رىياكارلىق ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ سىرغىپ كىرىۋېلىشىدىن قورقۇش. چۈنكى، شەيتاننىڭ نۇرغۇنلىغان مەخپىي ۋە ئەگرى ـ بۈگرى يوللىرى

[1] سۈرە مائىدە، 27 ـ ئايەت.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

بار. شەيتان شۇ يوللار ئارقىلىق ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كىرىدۇ. بەزىدە مۆمىننى ئاشكارا گۇناھ ـ مەسىيەتكە چۈشۈرۈشتىن ئۈمىدىنى ئۈزسىمۇ، مەخپىي گۇناھلارغا چۆمدۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق مۆمىننىڭ ئاللاھنى ۋە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلەپ قىلغان بەزى ئىبادەتلىرى ۋە ئەمەللىرىنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن سەھل مۇنداق دېگەن: «رىيانى پەقەت ئىخلاسمەن كىشىلا بىلەلەيدۇ. چۈنكى، ئىخلاسمەن كىشى رىيادىن قورققانلىقى ئۈچۈن داۋاملىق رىيانى كۆزىتىدۇ، تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. رىيانىڭ خىلمۇخىل تۈرەكلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۆز ـ ئۆزىنى ئالدىمايدۇ، ئۆزىنىڭ ناچار ئەملى بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، ئۇنى ياخشى ئەمەل ساناپ ئولتۇرمايدۇ».

شۇ ۋەجىدىن، ئىخلاس بەسى مۇشكۈل بىر ئىش، ئىخلاسمەنلەرمۇ ئىنتايىن ئاز. سەھل يەنە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھىي مەبۇد يوق» دەيدىغانلار كۆپ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىخلاسمەنلەر تولىمۇ ئاز.

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بۇ ئامىللار مۇكەممەل ئىخلاسمەنلىكنىڭ ئاساسىي ئامىللىرىدۇر. ھەقىقىي بەختلىك كىشى ئەنە شۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرگەن كىشىدۇر. ھالبۇكى، بۇنداقلار ئىنتايىن ئاز. مۇسۇلمانلار مۇشۇ ئامىللاردىن قانچىلىك نېسىۋىگە ئېرىشەلىسە، ئىخلاستىنمۇ شۇنچىلىك نېسىۋىگە ئېرىشەلەيدۇ.

## ئىمام غەززالىينىڭ ئىخلاس ھەققىدىكى بايانلىرى

ئىمام غەززالىينىڭ «ئىھيائۇل ئۇلۇمىددىين» ناملىق كىتابىدا ئىخلاسنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە توختالغان چوڭقۇر تەتقىقاتى بار بولۇپ، بۇ كىشى مۇشۇ ساھەدە ئىلىم ۋە ئەمەلدە بەيگىگە چۈشكەن ئۇستا چەۋەنداز كەبى ئىدى. فىقھى ئىلىملىرى، ئۇسۇل ئىلىملىرى، ئەقىدە ئىلىملىرى ھەققىدە يازغانلىرىنى، پەلسەپىچىلەر، باتىنىيلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا خىلمۇخىل پىرقىلەرگە رەددىيە بېرىش مۇناسىۋىتى بىلەن كىتاب يېزىش ۋە دەرس ئۆگىتىش قاتارلىق (بۇ ئەمەللەر ئۇنى ئاشۇ زامانلاردا ئىسلام دۇنياسىدا مەشھۇر بولۇش ۋە مۇسۇلمانلارغا يېتەكچىلىك قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلغان ئەمەللەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر) پۈتۈن ئىشلىرىنى بۇ دۇنيانىڭ ئەمەللىرىدىن دەپ قارايتتى. ساپ ئىخلاسقا ئېرىشىش ئۈچۈن كۆڭۈل خاھىشىدىن، كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدە مەرتىۋىگە ۋە يۈز - ئابرۇيغا ئېرىشىش ھەۋەسىدىن پۈتۈنلەي يىراق بولغىن، دەيتتى[1].

شۇڭلاشقا، ئۇ كىشىنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقان سۆزلىرى كۆڭۈلنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرى، تەلپۈنۈشلىرى ۋە ساختىلىقلىرىنى بىلىدىغان، ئۆزى ئۈچۈن قىلغان ئەمەلنىمۇ ئىبلىسنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ئاللاھ ئۈچۈن قىلغاندەك خىيالغا كەلتۈرۈپ قويۇشلىرىنى بىلىدىغان كىشىنىڭ سۆزىدۇر.

ئىمام غەززالىي مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] يۈسۈف قەرەداۋى: «ئەلئىمامۇل غەززالىي بەينە مادىھىيھى ۋە ناقىدىيھى» (ماختىغۇچىلار ۋە تەنقىدلىگۈچىلەر ئارىسىدا ئىمام غەززالىي) ناملىق كىتابىنىڭ «دارۇل ۋەفائ - دارۇس سەھۋە» نەشرىگە قارالسۇن.

«شۇنى بىلگىنكى، باشقا نەرسە ئارىلىشىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان ھەرقانداق ئىش شۇ ئارىلاشمىدىن تازىلىنىپ ئايرىلغاندىلا ساپ دېيىشكە بولىدۇ. ھەرقانداق ئارىلاشمىدىن تازىلىنىپ ئايرىلغان ئىش «ئىخلاس» دېيىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سىلەرنى چاھارپايلارنىڭ قارنىدىكى ماياق ـ تېزەكتىن، قاندىن ئايرىلىپ چىققان ساپ ۋە تەملىك سۈت بىلەن سۇغىرىمىز﴾[1]. شەكسىزكى، ساپ سۈت بولۇش ئۈچۈن قان ۋە تېزەكنىڭ ئارىلاشمىسى بولماسلىقى، شۇنىڭدەك ئارىلىشىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بار ھەرقانداق نەرسە ئارىلىشىپ قالماسلىقى لازىم. ئىخلاسمەنلىك شېرىك كەلتۈرۈشكە تۈپتىن زىت ئىشتۇر. قانداق ئادەم ئىخلاسمەن بولمىسا ئۇ مۇشرىكتۇر. لېكىن شېرىك بىرقانچە دەرىجىدە بولىدۇ. تەۋھىدتىكى ئىخلاس ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقىغا شېرىك كەلتۈرۈشكە تۈپتىن زىت كېلىدۇ. شېرىكنىڭ مەخپىيلىرىمۇ، ئاشكارىلىرىمۇ بار. شۇنىڭدەك، ئىخلاسنىڭمۇ بىرقانچە دەرىجىلىرى بار. قەلبتە ئىخلاس بىلەن ئىخلاسقا زىت كېلىدىغان ئىللەتلەر نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ. دېمەك، ئىخلاسنىڭ ئورنى قەلبتۇر. بۇ ئىخلاس پەقەت مەقسەت ۋە نىيەتلەردىلا بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدا نىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە بۇ نىيەتنىڭ ئەمەلگە تۈرتكە بولغۇچى ئامىللارغا ماسلىشىشقا بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئەمەلگە تۈرتكە بولغۇچى ئامىل پەقەت بىرلا بولسا، بۇ ئامىلنىڭ تۈرتكىسىدە سادىر بولغان ئەمەل نىيەت قىلغۇچىغا نىسبەتەن «ئىخلاس» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم پەقەت باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىش مەقسىتىدىلا سەدىقە قىلغان بولسا، بۇ ئادەم شۇ ئىشقا نىسبەتەن ئىخلاس قىلغۇچى بولىدۇ. يەنە بىر

[1] سۈرە نەھل، 22 ـ ئايەت.

ئادەم پەقەت ئاللاھ تائالاغا يېقىنچىلىق قىلىش مەقسىتىدىلا سەدىقە قىلغان بولسا، بۇ ئادەممۇ مۇشۇ ئىشقا نىسبەتەن ئىخلاس قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، قەدىمدىن تارتىپ «ئىخلاس» دېگەن بۇ نام باشقا ھەرقانداق دۇنيالىق غەرەزلەردىن خالىي بولغان، پەقەت ئاللاھقا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە قىلىنغان ئەمەلگىلا ئىشلىتىلىپ كەلگەن. شۇنىڭدەك، «ئىلھاد» دېگەن سۆز مايىل بولۇپ كېتىش، بۇرۇلۇپ كېتىش دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆزدۇر. ئەمما بۇ سۆز بۇرۇندىن تارتىپ ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكىلا ئىشلىتىلىپ كەلگەن. بىراۋنىڭ ئەمەل قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىل پەقەت رىيا قىلىشلا بولسا، بۇ چاغدا بۇ ئادەم ھالاك بولىدۇ. بىز بۇ رىيا ھەققىدە گەپ قىلماقچى ئەمەس. چۈنكى، بىز رىياغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇقۇملارنى ئىنسانىنى ھالاك قىلغۇچى تۆت ئىشنىڭ بىرى بولغان «رىيا» ناملىق كىتابىمىزدا سۆزلەپ بولدۇق.

بىز بۇ يەردە پەقەت ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىش مەقسىتىدە ئەمەلگە كىرىشكەن، لېكىن بۇ ياخشى نىيەتكە رىيا قىلىش ياكى نەپسكە تەئەللۇق خىلمۇخىل غەرەزلەر ئارىلىشىپ قالغان كىشى ھەققىدە توختالماقچىمىز. بۇنىڭ مىسالى، ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىش نىيىتى بىلەن بىرگە چىدامچان بولۇش ئۈچۈن روزا تۇتۇش ياكى قۇلنىڭ چىقىمىدىن ۋە ناچار ئەخلاقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئازاد قىلىۋېتىش، بىرەر سەپەرگە توغرىلاش ئۈچۈن، ئۆز يۇرتىدا بىرەر يامانلىققا ئۇچراپ قېلىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆيىدىكى بىرەر دۈشمىنىدىن قېچىش ئۈچۈن ياكى بالا - چاقىلىرى ئاۋارىچىلىقلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ باھانىسى قىلىپ بىرقانچە كۈن بولسىمۇ ئالدىراشچىلىقتىن ئارام تېپىش ئۈچۈن ھەج قىلىش، ئەمەلىي ئۇرۇشقا قاتنىشىش

ئارقىلىق جەڭ تاكتىكىلىرىنى ئىگىلەش ۋە شۇ ئارقىلىق ئەسكەر تەشكىللەش قابىلىيىتى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن غازات قىلىش، بالا ـ چاقىلىرىغا ۋە يۇك ـ تاقىلىرىغا كۆز ـ قۇلاق بولۇش مەقسىتىدە ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن كېچىدە ناماز ئوقۇش، ئېھتىياجىنى قامدايدىغان مال ـ دۇنيا تېپىشىغا قولاي بولۇشى ئۈچۈن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئارىسىدا ئەتىۋارلىق بولۇش ئۈچۈن ياكى ئىلىمنىڭ ئەزىزلىقىدىن ئۆي ـ جاي ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ تەمەلىرىدىن ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىش، جىمغورلۇقنىڭ خاپىلىقىدىن قۇتۇلۇپ، سۆزمەنلىك لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن دەرس ئۆگىتىش ياكى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئۆلىمالارنىڭ ۋە باشقا بارلىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ھۆرمىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى ئۈچۈن ياكى بۇ دۇنيادا باشقىلارنىڭ دوستانە مۇئامىلىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆلىمالار ۋە سوپىلارنىڭ خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش، خەتنى داۋاملىق ياخشى يېزىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى يېزىش، يول خىراجىتىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن پىيادە ھەج قىلىش، پاكىزلىنىش ئۈچۈن ياكى سالقىنداش ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش، خۇشپۇراق بولۇش ئۈچۈن غۇسلى قىلىش، ئىسنادىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلىنىشى ئۈچۈن ھەدىس رىۋايەت قىلىش، تۇرالغۇ ھەققىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن مەسچىتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش، تاماق ئېتىشنىڭ جاپاسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياكى يەپ ـ ئىچىش مەشغۇلاتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن روزا تۇتۇش، مەنمۇ كېسەل بولۇپ قالسام يوقلارمىكى دېگەن مەقسەتتە كېسەل يوقلاش، ئۆزىنىڭ جىنازىسىنىمۇ ئوبدان ئۇزىتارمىكى دېگەن مەقسەتتە جىنازا ئۇزىتىش، مەزكۇر ئىشلاردىن بىرەر ئىشنى

قىلىش ئارقىلىق ياخشى دەپ تونۇلۇپ باشقىلارنىڭ تىلىغا چىقىش، ئاندىن باشقىلار تەرىپىدىن ياخشىلىق ۋە ھۆرمەت كۆزى بىلەن قارىلىشى ئۈچۈن قىلىش قاتارلىق ئىشلار... گەرچە بۇ ئىشلارغا تۈرتكە بولغان ئامىل ئاللاھقا يېقىنلىشىش بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مەزكۇر غەرەزلەردىن بىرەر غەرەز ئارىلىشىپلا قالىدىكەن، ئاشۇ غەرەزلەر ھەمراھ بولغانلىقى تۈپەيلىدىن يۇقىرىدىكى ئىشلار ئۇنىڭغا يەڭگىلراق تۇيۇلۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ قىلغان ئىشى ئىخلاس دائىرىسىدىن، خالىس ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولۇشتىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا شېرىك ئارىلىشىپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن شېرىكلەردىن بىھاجەتمەن.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، بۇ دۇنيانىڭ كۆڭۈل راھەت ھېس قىلىدىغان ۋە قەلب تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان ھەرقانداق نېسۋىسى ئەمەلگە ئارىلىشىپلا قالىدىكەن، ئەمەلنىڭ ساپلىقىنى دۇغلاشتۇرۇپ، ئىخلاسنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىنسان نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە غەرق بولۇپلا تۇرىدىكەن، ھەرقانداق ئەمەل ۋە ئىبادىتىنىڭ مەزكۇر غەرەزلەردىن ئاجرىشى ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر سۆز بار: «قانداق ئادەم پۈتۈن ئۆمرىدە بىر مىنۇت ۋاقتىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلالىسا نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ». بۇنداق بولۇشى ئىخلاسنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنى مەزكۇر ئارىلاشما غەرەزلەردىن ساپ قىلىش ئىنتايىن قىيىن بىر ئىش بولغانلىقىدىندۇر. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئىخلاسمەن كىشى ئەمەللىرىگە ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدەشتىن باشقا ھەرقانداق تۈرتكىلىك ئامىلنى ئارىلاشتۇرمىغان كىشىدۇر. بىراۋنىڭ ئەمىلىگە تۈرتكە بولىدىغان ئامىل پەقەت

مۇشۇ دۇنيالىق نېسىۋىلەرلا بولغاندا، بۇنداق ئەمەلنىڭ قانچىلىك خەتەرلىك ئىكەنلىكى شۇ ئەمەل ساھىبىنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان. بىز بۇ جايدا پەقەت ئەسلىي مەقسەت ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىش بولغان، ئەمما مەزكۇر دۇنيالىق غەرەزلەر قوشۇلۇپ قالغان، ئاندىن بۇ ئەمەللەر ئاشۇ دۇنيالىق غەرەزلەر ئارىلىشىپ قالغانلىقى ياكى ئورتاقلىشىش دەرىجىسىدە ياكى ھەمكارلىق دەرىجىسىدە بوپقالغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق ئارىلاشمىلار يۈز بېرىپ قالغان ئەمەللەرنىلا نەزەردە تۇتتۇق.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ پىسخىكا ئامىلى دىنىي ئامىل بىلەن ئوخشاش ياكى دىنىي ئامىلدىن كۈچلۈكرەك ۋە ياكى ئاجىزراق بولىدۇ. ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ھۆكمى بار. شەكسىزكى، ئىخلاس دېگەن: قىلغان ھەرقانداق ئەمەلنى تاكى پەقەت ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىش مەقسىتىدىلا قىلىپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئامىل مەۋجۇت بولمىغانغا قەدەر، مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن مەزكۇر دۇنيالىق غەرەزلەردىن خالىي قىلىشتۇر. بۇ ئىش پەقەت قەلبىدە بۇ دۇنيانى ياخشى كۆرۈشكە ھېچقانداق ئورۇن قالمايدىغان دەرىجىدە ئاللاھنى ھەقىقىي سۆيگۈچى، ئاللاھنى دەپ ئۆزىنى ئۇنتۇغۇچى، پۈتۈنلەي ئاخىرەتنىڭ غېمىگە غەرق بولغۇچى كىشىدىنلا تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. بۇنداق كىشى ھەتتا يېيىش - ئىچىشنىمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلارغا بولغان رىغبىتى پەقەت ئىنسانلىق خاراكتېرى تۈپەيلى زۆرۈر بولغان ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىشقا بولغان رىغبىتىگە ئوخشاشلا بولىدۇ. نەتىجىدە بۇ كىشى تائامنى تائام بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا كۈچ - قۇۋۋەت بولۇشى ئۈچۈنلا ئىشتىھا قىلىدۇ. تاماق يېيىشنى پەقەت يەنە

يىپىشكە موھتاج بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتقۇزمىغۇدەك بولۇشىنىلا ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە ئېھتىياجدىن ئارتۇق نەرسىگە قىلچە زوق بولمايدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە زۆرۈرىيەت مىقدارى پەقەت دىنني زۆرۈرىيەت بىلەنلا ئۆلچىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ بارلىق غېمى پەقەت ئاللاھ بولىدۇ. بۇنداق كىشى مەيلى يەپ ـ ئىچسۇن، مەيلى ھاجىتىنى راۋا قىلسۇن، پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىمۇ، سۈكۈناتلىرىدىمۇ خالىس، نىيىتى توغرا بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئىبادەتكە كۈچ بولسۇن دەپ ئارام ئېلىش مەقسىتىدە ئۇخلىغان ئۇيقۇسىمۇ ئىبادەت بولىدۇ. ئۇ كىشى شۇ ئۇيقۇسىدىمۇ ئىخلاسمەنلەرنىڭ دەرىجىسىگە ئېرىشىدۇ. مۇشۇنداق بولالمىغان كىشىگە ئەمەللەردىكى ئىخلاس ئىشىكى ئاندا ـ ساندا ھالەتتىن باشقا ئەھۋاللاردا ئېتىۋېتىلگەن بولىدۇ. شۇنداقلا، قانداق بىر ئادەمنى ئاللاھنىڭ ۋە ئاخىرەتنىڭ سۆيگۈسى ئىلكىگە ئالسا، بۇنداق كىشىنىڭ ئادەتتىكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمۇ ئاشۇنداق سۈپەتكە ئىگە بولۇپ، ئىخلاسقا ئايلىنىدۇ. بۇ دۇنيالىق مەنپەئەت، ئالىي ماقام، باش بولۇش، قىسقىسى، كۆڭلىنى ئاللاھتىن باشقا نەرسىنىڭ مۇھەببىتى چىرمىۋالغان كىشىگە كەلسەك، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكەتلىرى نىيىتىدىكى سۈپەتكە لايىق بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئازغىنا ھالەتتىن باشقا ئەھۋاللاردا ساغلام بولمايدۇ.

ئۇنداقتا، ئىخلاسنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى كۆڭۈلنىڭ ھەۋەسلىرىنى يوقىتىش، بۇ دۇنيادىن تەمەنى ئۈزۈش، ئەمەلنى ئاخىرەت ئۈچۈن خالىس قىلىشتۇر. بۇ ئىشلار ئىنساننىڭ قەلبىنى تامامەن ئىگىلىگەن چاغدىلا ئىخلاس قولاي بولىدۇ. ئىنساننى

چارچىتىدىغان ۋە ئىنسان ئۇنى خالىس ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن دەپ ئويلايدىغان، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئالدىنىپ قالىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. چۈنكى، ئىنسان ئەمەللەردىكى ئاپەتنىڭ ھەقىقىي يۈزىنى كۆرەلمەيدۇ. پازىللارنىڭ بىرىدىن مۇنداق بىر ۋەقەلىك نەقىل قىلىنغان: مەن 30 يىل ناماز ئوقۇدۇم، بۇ جەرياندا نامازنى مەسچىتتە بىرىنچى سەپتە ئوقۇپ كەلگەن ئىدىم. بىر كۈنى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېچىكىپ قېلىپ ئىككىنچى سەپتە ناماز ئوقۇپ قالدىم ـ دە، كىشىلەرنىڭ مېنى ئىككىنچى سەپتە كۆرگەنلىكىدىن قاتتىق خىجىللىق ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن كىشىلەرنىڭ بىرىنچى سەپتە كۆرۈشى مېنى خۇرسەن قىلىدىغانلىقىنى ۋە قەلبىمنىڭ ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا شۇ ئارقىلىق راھەتلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ ئىنتايىن نازۇك ھەم ئېنىق ئۇققىلى بولمايدىغان بىر ئىش بولۇپ، ئەمەللەرنىڭ بۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنالايدىغىنى ئىنتايىن ئاز ھەم بۇنىڭغا دىققەت قىلىدىغانلارمۇ ناھايىتى ئازدۇر. لېكىن ئىخلاسقا مۇۋەپپەق قىلىنغانلار بۇنىڭ سىرتىدا. غاپىللار ئاخىرەتتە ئۆزلىرىنىڭ قىلغان پۈتۈن ياخشى ئەمەللىرىنىڭ يامان ئەمەللەر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالا مۇنۇ سۆزىدە كۆزدە تۇتقانلاردۇر: ﴿مۇبادا يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يەنە شۇنىڭغا بىر ھەسسە قوشۇلۇپ (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغانلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولسا ئىدى، قىيامەت كۈنىدىكى قاتتىق ئازاب ئۈچۈن ئۇنى پىدىيە قىلىپ بەرگەن بولاتتى. ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن (بۇ دۇنيادىكى چاغلىرىدا) ئويلاپ باقمىغان ئىشلار ئاشكارا بولىدۇ. ئۇلارغا ئۇلارنىڭ (دۇنيادا) قىلغان يامان ئىشلىرى ئاشكارا بولىدۇ. (دۇنيادىكى چاغدا پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى) مەسخىرە قىلغانلىقلىرىنىڭ

جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنى (قاتتىق) ئازاب ئورىۋالىدۇ﴾[1]. يەنە مۇنۇ سۆزىدە كۆزدە تۇتقانلاردۇر: ﴿سىلەرگە ئەمەلدە ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟ ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئەمما ئۆزلىرىنى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر﴾[2].

پىرتكول مەخلۇقاتلار ئىچىدە بۇ سىناققا ئەڭ ئېغىر دۇچ كېلىدىغىنى ئۆلىمالاردۇر. چۈنكى، كۆپىنچە ئۆلىمالارنىڭ ئىلىم تارقىتىشتا تۇرتكە بولغان ئامىل ئۇستۇنلۇك قازىنىش، تەمەننا قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئەگەشكەنلىكىدىن ھۇزۇرلىنىش، باشقىلارنىڭ ماختاپ، كۆككە كۆتۈرۈشلىرىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىشتۇر. شەيتان ئۇلارغا بۇنى ئېلەشتۈرۈپ: سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلار ئاللاھنىڭ دىنىنى تارقىتىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا قويغان شەرىئەتنى قوغداش، دەيدۇ. ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىمۇ پۇقرالارغا ۋە ھوقۇقدارلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلالىغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى ئۆزىگە ياخشىلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۆزىگە يۈزلەنگەنلىكىدىن خۇرسەن بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنى دىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغانلىقىدىن خۇرسەن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ ـ يۇ، مۇبادا ئۆزىنىڭ تەڭتۇشلىرى ئىچىدىن ۋەز ـ نەسىھەتنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق قىلىدىغان بىرەرسى چىقىپ، كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىن تارقىلىپ، يەنە بىرىگە يۈزلىنىپ كېتىپ قالسا، ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق خاپا بولىدۇ ۋە غەمگە پاتىدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇ خىزمەتكە تۈرتكە

[1] سۈرە زۇمەر، 47 ـ 48 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە كەھف، 103 ـ 104 ـ ئايەتلەر.

بولغان ئامىل دىن بولسا ئىدى، ئۇ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ۋەزىپىنى باشقىلار ئارقىلىق ئورۇنداپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكرى ئېيتقان بولاتتى. لېكىن شەيتان ئۇنى يەنىلا قويۇۋەتمەي: شەكسىزكى، سېنىڭ بۇنداق غەمگە پېتىشىڭ كىشىلەرنىڭ سېنىڭ ئەتراپىڭدىن تارقىلىپ، باشقىلار تەرەپكە يۈزلىنىپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ساۋابتىن مەھرۇم قالغانلىقىڭ ئۈچۈندۇر. چۈنكى، كىشىلەر سېنىڭ سۆزۈڭدىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالغان بولسا، سەن كاتتا ساۋابقا ئىگە بولاتتىڭ ئەمەسمۇ؟! سېنىڭ ساۋابتىن مەھرۇم قالغانلىقىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇشۇڭ ئەلۋەتتە ماختاشقا ئەرزىيدۇ، دەيدۇ. ئەمما بۇ بىچارە ھەقكە بويسۇنۇپ، ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۆزىنى تاپشۇرۇشنىڭ ئەۋزەللىرەك ۋە ساۋابى كاتتىراق بولىدىغانلىقىنى، ئاخىرەتتىمۇ ئۇ ئىشنى ئۆزى يالغۇز قىلغىنىدىن مەنپەئەتلىكراق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

ئىخلاسنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بولسا، ئىنتايىن ئازغىنا بىر تۈركۈم كىشىلەردىن باشقا ھەممەيلەن غەرق بولۇپ كېتىۋاتقان چوڭقۇر بىر دېڭىزدۇر. بۇ ئاز بىر تۈركۈم كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئۇلاردىن سېنىڭ ئىخلاسمەن بولغان بەندىلىرىڭ بۇنىڭ سىرتىدا﴾[1] دېگەن سۆزىدە ئايرىۋېلىنغان كىشىلەردۇر. شۇڭا بەندە مۇشۇنداق نازۇك ئىشلارغا قاتتىق دىققەت قىلىشى ۋە ئۇنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۆزى سەزمىگەن ھالدا شەيتانلار توپىغا قېتىلىپ كېتىدۇ»[2].

---

[1] سۈرە ساد، 83 ـ ئايەت.

[2] ئىمام غەززالىي: «ئىھيائۇل ئۇلۇمىددىين»، 2712ـــ2716 ـ بەتلەر، شەئىب نەشرىياتى.

## ئىمام غەززالىينىڭ خىلمۇخىل غەرەزلەر ئارىلاشقان ئەمەللەرنىڭ ھۆكمى ۋە ئىنساننىڭ ئۇ ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ساۋابى ھەققىدە ئېيتقانلىرى

ئىمام غەززالىي «ئىھيائۇل ئۇلۇمۇددىين» ناملىق كىتابىنىڭ «نىيەت ۋە ئىخلاس» بابىدا تەتقىق قىلىپ، دەلىللەپ چىققان ئەھكاملارنىڭ بىرى دۇنيالىق خىلمۇخىل غەرەزلەر ياكى ئۆز شەخسىيىتىگە تەئەللۇق مەقسەتلەر ئارىلىشىپ قالغان، پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن خالىسمۇ بولمىغان ۋە پۈتۈنلەي رىيا ئۈچۈنمۇ بولمىغان ئەمەلنىڭ ھۆكمى بولۇپ، ئىمام غەززالىي مۇسۇلمان مۇشۇنداق ئەمىلى ئارقىلىق ساۋابقا ئېرىشەلەمدۇ ـ يوق؟ دېگەن سوئال ھەققىدە توختىلىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرى مۇشۇ ئورۇندا نەقىل قىلىش زۆرۈر بولغان ئىنتايىن ياخشى ئېيتىلغان سۆزلەردۇر. بىز بۇ سۆزلەر ئارقىلىق بىر فىقھشۇناسنىڭ ھەم ئەقلى بىلەن قەلبى ساپ بولغان بىر كىشىنىڭ قەلبىنى ھېس قىلالايمىز. ئىمام غەززالىي مۇنداق دەيدۇ:

«شۇنى بىلگىنكى، ناۋادا ئەمەللەر پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا بولماي، رىيا ياكى قانداقتۇر شەخسىي غەرەزلەر ئارىلىشىپ قالسا، ئالىملار بۇ ئەمەلنىڭ ساھىبى ساۋابقا ئېرىشەلەمدۇ ياكى جازاغا لايىق بولامدۇ؟ ياكى ھېچقانداق جازا ياكى مۇكاپات بېرىلمەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە خىلمۇخىل قاراشلاردا بولۇپ كەلدى.

پەقەت رىيانى مەقسەت قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بۇ ئادەم رىياكارلىق بىلەن ئەمەل قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ. رىياكارلىق ئىنساننى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار

قىلىپ، جازاغا لايىق قىلىدۇ.

پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەپ قىلىنغان ئەمەلگە كەلسەك، بۇ ئەمەل ئۆز ساھىبىنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا دۇنيالىق غەرەزلەر ئارىلىشىپ قالغان ئەمەلگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، ئايەت ۋە ھەدىسلەر بۇنداق ئەمەلگە ساۋاب بېرىلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر ئۆزئارا زىتلىقتىنمۇ خالىي ئەمەس.

بىزنىڭ بۇ ھەقتە دېيەلەيدىغىنىمىز (ئەڭ توغرىسىنى ئاللاھ ئوبدان بىلگۈچىدۇر) پەقەت شۇ ئەمەلگە تۈرتكە بولغان كۈچنىڭ مىقدارىغا نەزەر سېلىشتۇر.

ئەگەر دىنىي تۈرتكە نەپسنىڭ تۈرتكىسىگە تەڭلىشىپ قالغان بولسا، بۇنداق ئەمەلنىڭ ئۆز ساھىبىغا ھېچقانداق پايدا ـ زىيىنى بولمايدۇ.

مۇبادا رىيا تۈرتكىسى كۆپرەك ۋە كۈچلۈكرەك بولسا، بۇ ئەمەلنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولماسلىق بىلەن بىرگە بۇ ئەمەل ئۆز ساھىبىغا زىيان ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئازابقا دۇچار قىلىدۇ. بۇ ئەمەلنىڭ جازاسىنىڭ پەقەت رىيا ئۈچۈنلا قىلىنغان، ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىش نىيىتى پەقەت ئارىلاشمىغان ئەمەلنىڭ جازاسىغا قارىغاندا يەڭگىلراق بولىدىغانلىقى بەرھەق.

ناۋادا باشقا ئامىللارغا قارىغاندا ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىش مەقسىتى كۆپرەك بولسا، بۇ ئەمەل ساھىبىغا ئۇنىڭ شۇ ئەمەلنى قىلىشىغا تۈرتكە بولغان دىنىي تۈرتكىنىڭ كۈچىنىڭ قانچىلىك ئارتۇق بولغانلىقىغا قاراپ ئەجىر بولىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئاللاھ

تائالا مۇنداق دېگەنلىكى ئۇچۇندۇر: ﴿كىمكى زەررىچە چاغلىق ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرىدۇ﴾[1]. يەنە بىر ئايەتتە: ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا (ھېچكىمگە) قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، (ھەركىمنىڭ قىلغان ئەملى زەررىچىلىك) ياخشىلىق بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ مۇكاپات بېرىدۇ﴾[2]. شۇڭلاشقا، ئىنساندا ياخشى ئىش قىلىش مەقسىتى پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى، ياخشى ئىش قىلىش مەقسىتى رىيا قىلىش مەقسىتىنى بېسىپ چۈشكەن تەقدىردە، قىلغان ئەمەلنىڭ ساۋابىدىن رىياكارلىق قىلغىنىغا تۇشلۇق مىقدار يوق بولۇپ، ئاشقىنى قېپقالىدۇ. ئەگەر رىيا قىلىش مەقسىتى ياخشى ئىش قىلىش مەقسىتىنى بېسىپ چۈشسە، قىلغان شۇ ياخشى نىيىتى سەۋەبلىك پەقەتلا يامان نىيەتنىڭ جازاسىدىن ئازراق قىسمىلا ئەمەلدىن قالىدۇ».

ئىمام غەززالىي بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق يورۇتۇپ مۇنداق دەيدۇ: «شەكسىزكى، ئەمەللەرنىڭ قەلبلەرگە بولىدىغان تەسىرى شۇ ئەمەلدىكى نىيەتنىڭ سۈپىتىگە قاراپ بولىدۇ. مەسىلەن، رىيا قىلىش ئىنساننى ھالاك قىلىدىغان ئامىللاردىندۇر. بۇ ھالاك قىلغۇچى ئامىلنىڭ ئاساسلىق قۇۋۋىتى شۇ رىياكارلىق بويىچە ئەمەل قىلىشتۇر، ياخشىلىق بولسا ئىنساننى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگۈچى ئامىللاردىندۇر. بۇنىڭ ئاساسلىق قۇۋۋىتىمۇ شۇ ياخشى نىيەت بويىچە ئەمەل قىلىشتۇر. ئىنساننىڭ قەلبىدە مەزكۇر ئىككى سۈپەت بىرلەشسە، بىر ـ بىرىگە زىت بولغان

[1] سۈرە زەلزەلە، 7 ــ 8 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە نىسائ، 40 ـ ئايەت.

ئىككى نەرسە بىر ئورۇندا جەم بولغان بولىدۇ. ناۋادا ئەمەل رىيانىڭ تەلىپى بويىچە قىلىنغان بولسا، بۇ ئەمەلدە ئاشۇ سۈپەت بېسىپ چۈشكەن بولىدۇ. مۇبادا ئەمەل ئاللاھ تائالاغا يېقىنچىلىق قىلىش ئاساسىدا قىلىنغان بولسا، بۇ ئەمەلدە ئاشۇ سۈپەت بېسىپ چۈشكەن بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئىككى سۈپەتنىڭ بىرسى ئىنساننى ھالاك قىلىدۇ، يەنە بىرى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. ئەگەر ئىككى سۈپەتتىن ھەربىرىنىڭ كۈچى يەنە بىرىگە باپباراۋەر بوپقالسا، بۇ ئەمەلنىڭ ساھىبى بەئەينى چوغنى تۇتۇپ قولنى كۆيدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، سوغۇق بىر نەرسىنى تۇتۇپ كۆيۈك ئازابىنى پەسەيتكەن ئادەمگە ئوخشاپ قالىدۇ - دە، نەتىجىدە بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى قوللىنىپ بولغاندىن كېيىن ھېچ ئىش قىلمىغاندەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرسى كۆپ بولۇپ قالسا، ئەلۋەتتە كۆپلۈك تەسىردىن خالىي ئەمەس. خۇددى يېمەك - ئىچمەك ۋە دورىلاردىن زەررىچىلىك نەرسىمۇ زايە بولۇپ كەتمەي، ئاللاھ تائالا ئورۇنلاشتۇرغان قانۇنىيەت بويىچە ئىنساننىڭ بەدىنىدىن تەسىرى يوقالمىغىنىغا ئوخشاش. شۇنىڭدەك، ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن زەررىگە چاغلىق نەرسىمۇ زايە بولۇپ كەتمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىنسان قەلبىنى نۇرلاندۇرۇش ياكى قارايتىۋېتىش ھەمدە بەندىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇش ياكى ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىشقا بولغان تەسىرى يوقالمايدۇ. مۇبادا بەندە ئۆزىنى ئاللاھتىن بىر غېرىچ يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغان ئەمەلنى قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزىنى ئاللاھقا بىر غېرىچ يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەلدىن بىرنى قىلسا، ئەسلىدىكى ھېچ ئىش قىلمىغان ھالىتىگە قايتقان بولىدۇ. ئەگەر بەندىنىڭ قىلغان ئەمىلى ئۇنى ئاللاھقا

ئىككىسى غېرىچ يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەل بولۇپ، يەنە بىر ئەمەلى ئۇنى ئاللاھتىن بىر غېرىچ يىراقلاشتۇرسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر غېرىچ يېقىنچىلىق ئېشىپ قالىدىغانلىقى ئېنىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «يامانلىقتىن كېيىنلا ياخشىلىق قىلغىن، (يامانلىقتىن كېيىن قىلغان) ياخشىلىقىڭ يامانلىقىڭنى ئۆچۈرىدۇ»[1]. خاس رىيانى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ساپ ئىخلاس ئۆچۈرگەن ئىكەن، ناۋادا بۇ ئىككىسى بىر ئەمەلدە جەم بولۇپ قالسا، توقۇنۇشى مۇقەررەردۇر.

ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ مۇنداق بىردەك قارىشىنىڭ بارلىقىمۇ بۇنىڭغا دەلىلدۇر: ئەگەر بىر كىشى تىجارەت قىلىش بىلەن بىرگە ھەج قىلىش مەقسىتىدە يولغا چىققان بولسا، ئەمەلىيەتتە ھەج قىلىش نىيىتىگە دۇنيالىق باشقا غەرەزلەر ئارىلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىلغان ھەجى توغرا بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىتا ساۋابقا ئېرىشىدۇ. دۇرۇس، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ساۋاب، قىلغان تىجارىتى ئۇنىڭ ھەجىگە قاراشلىق بوپقالمىغان ھالەتتە ئۇ كىشى مەككىگە يېتىپ بارغان چاغدىكى ھەج ئەمەللىرىگە قارىتا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەجى خالىس بولغان بولىدۇ. بۇنىڭدىكى ئورتاقلىق پەقەتلا يولنىڭ بىر بولغانلىقى خالاس. ئەگەر ئۇ ئەسلىدىنلا تىجارەت قىلىشنى مەقسەت قىلىپ يولغا چىققان بولسا، ئۇنىڭغا قىلچە ساۋاب بېرىلمەيدۇ، دېيىلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن توغرىسى، ناۋادا ھەج قىلىش ئۇ كىشىنى شۇ ئەمەلگە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئەسلى كۈچ بولۇپ، تىجارەت ئۇنىڭ سەپىرىنىڭ ياردەمچىسى ۋە قوشۇمچە بىر ئىش سۈپىتىدە

---

[1] ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

بولغان بولسا، شۇ سەپەرنىڭ ئۆزىمۇ ساۋابتىن مەھرۇم قالمايدۇ. مېنىڭ قارىشىمدا، مۇجاھىدلار كۆپلىگەن غەنىيمەتلەرگە ئېرىشىدىغان ھالەتتە كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش بىلەن ھېچقانداق غەنىيمەتكە ئېرىشەلمەيدىغان ھالەتتە كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتا پەرق بار دەپ قارىمايدۇ. بۇنداق پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش ئۇلارنىڭ قىلغان جىھادىنىڭ ئەجىر - مۇكاپاتىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىدۇ، دېيىش توغرىدىن يىراق سۆز بولۇپ قالىدۇ. بەلكى توغرىسى، جىھاد قىلىشقا ئەسلىي تۈرتكە بولغان ئامىل ۋە كۈچلۈك ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش بولۇپ، غەنىيمەتكە بولغان قىزىقىش قوشۇمچە بولسا، بۇ خىل نىيەت بىلەن ئەجىر - مۇكاپات يوق بولۇپ كەتمەيدۇ. دۇرۇس، بۇنداق كىشى ئېرىشىدىغان ئەجىر - مۇكاپات قەلبى غەنىيمەتكە قەتئىي ئىنتىلمىگەن كىشى ئېرىشىدىغان ئەجىر - مۇكاپات بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ خىل ئىنتىلىش شەكسىز ئەيىب - نۇقساندۇر.

بۇ ھەقتىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەر نىيەتكە رىيانىڭ ئارىلىشىپ قېلىشى ئەمەلنىڭ ساۋابىنى يوق قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. غەنىيمەتكە ئېرىشىش، تىجارەت قىلىش ۋە باشقا تۈرلۈك غەرەزلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈشنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىمۇ مۇشۇ كاتېگورىيەگە كىرىدۇ. چۈنكى، تائۇس ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تابىئىنلار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياخشى ئىش قىلىدىغان، ئاندىن شۇ ياخشىلىقى بىلەن ماختىنىشنى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى توغرۇلۇق سورىغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەماللىققا بۇ سوئالنى سورىغان

كىشىگە نېمە دېيىشنى بىلەلمىگەن. دەل شۇ چاغدا: ﴿كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن) ياخشى ئەمەل قىلسۇن، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىبادىتىگە ھېچكىمنى شېرىك قىلمىسۇن (يەنى قىلغان ياخشى ئەمىلىدە ھېچقانداق دۇنيالىق غەرەزنى كۆڭلىگە پۈكمىسۇن)﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغان. بۇ ئايەتتە باشقىلاردىن ئەجىر ـ مۇكاپاتقا ئېرىشىش ۋە باشقىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش بىردەك مەقسەت قىلىنغان. يەنە مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رىيانىڭ ئەڭ تۆۋىنىمۇ شېرىكتۇر»[2] دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(قىيامەت كۈنى) ئۆز ئەمىلىدە باشقىلارنى شېرىك قىلغان كىشىگە: سەن كىم ئۈچۈن ئەمەل قىلغان بولساڭ، ئەجرىڭنى شۇنىڭدىن ئالغىن دېيىلىدۇ»[3] دېگەن.

ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن شېرىك كەلتۈرگۈچىنىڭ شېرىكىدىن بىھاجەتمەن. قانداق ئادەم مەن ئۈچۈن بىر ئەمەلنى قىلىپ، ماڭا باشقا بىرىنى شېرىك قىلسا، مەن ئۆزۈمنىڭ نېسىۋەمنىمۇ ئۇنىڭ ماڭا شېرىك قىلغان نەرسىسىگە تاشلاپ بېرىمەن (يەنى ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئەجىر بەرمەيمەن)». ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، بىر تاغلىق ئەرەب

---

[1] سۈرە كەھف، 110 ـ ئايەت.

[2] ئىمام تەبەرانىي ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام غەززالىي: «ئىھيائۇل ئۇلۇمۇددىين»، 4 ـ جىلد، 385 ـ بەت، دارۇل مەئرىفە نەشرىياتى، بېيرۇت.

پەيغەمــبەر ئەلەيهىســسالامنىڭ قېشىغا كېلىــپ: ئــى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بەزى كىشىلەر تەرەپبازلىق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىــدۇ، بەزى كــىشىلەر قەھرىمانلىقنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئــۇرۇش قىلىــدۇ، يەنە بەزىلــىرى رىيا ئۈچــۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىسى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟ دەپ سورىغانــدا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «قانداق ئادەم ئاللاھنىــڭ كەلىمىسىنى (يەنى ئاللاھنىــڭ ھۆكمىنى) ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىكەن، ئەنە شۇ كىشــى ئاللاھ يولىدا ئــۇرۇش قىلغــان بولىدۇ»[1] دېگــەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دېگەن: «سىلەر پالان كىشــى شېهىت دەيسىلەر. بەلكىم ئۇ خۇرجۇنىنىڭ ئىككى پېيىغا تەڭگە - تىللالارنى توشقۇزغان بولۇشى مۇمكىن». ئىبنــى مەســئۇد رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇدىن رىــۋايەت قىلىنغــان بىــر ھەدىســتە پەيغەمــبەر ئەلەيهىسسالام: «كىمكى دۇنيادىن بىر نەرسىنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلىــدىكەن، ئــۇ پەقەت شۇ نەرسىگىلا ئېرىشىدۇ»[2] دېگەنىــدۇ دېيىشكىنىز، بىز دەيمىزكى: بۇ ھەدىسلەر بىز ئۇتتۇرىغــا قويغــان ئۇقۇملارغا زىت كەلمەيدۇ. بەلكى بــۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن مەقسەت قىلىنغانلار بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «كىمكى بــۇ دۇنيــادىن بىــر نەرســىنى كــۆزلەپ ھىجــرەت قىلىــدىكەن، ئــۇ پەقەت شــۇ نەرســىگىلا ئېرىــشىدۇ» دېــگەن سۆزىدىكىدەك، قىلغان ئىشلىرىدا پەقەت مۇشۇ دۇنيانىلا كۆزلىگــەن ۋە بۇ دۇنيانى كۆزلــەش ئاساســي غايىسى بولغــان كىشىلەردۇر. بىز ئىلگىرى دۇنيانــى كۆزلەشنىڭ ھارام بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكــى دۇنيانــى كۆزلەشــكە دىــن ئەمەللىرىنــى ۋاســتە قىلىــۋېلىش

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

[2] سەئىيد ئىبنى مەنسۇر «سۈنەن» ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان.

هارام بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشنىڭ ئاسىيلىق ۋە چەكتىن ئېشىش بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. چۈنكى، بۇنداق قىلىشتا رىياكارلىق ۋە ئىبادەتنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىش بار. ئەمما «شېرىك» دېگەن سۆز قانداق ئورۇندا كەلسە، مۇتلەق تەڭلەشتۈرۈشنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. بىز ئىلگىرى ئىككى مەقسەت تەڭ بولسا، بۇنداق ئەمەلنىڭ ساھىبى ھېچ ئىش قىلمىغاندەك ھالەتتە بولۇپ، قىلغان ئەمەلىدىن پايدىنىمۇ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ھەم جازالانمايدىغانلىقىنى، شۇڭلاشقا قىلغان ئەمەلى ئارقىلىق ساۋاب ئۈمىد قىلىشقا لايىق بولالمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق.

ئىنسان ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن چاغدا داۋاملىق خەتەر ئىچىدە بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى، ئۇ بۇ ئىككى ئىشنىڭ قايسىسىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بەلكىم، بۇ ئىش ئۇنىڭغا ھەسرەت نادامەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿قانداق ئادەم پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن قىيامەتتە تىرىلىشكە ئىشىنىدىكەن)، پەرۋەردىگارى ئۈچۈن قىلغان ئىبادىتىدە ھېچكىمنى شېرىك قىلمىسۇن!﴾[1].

شاھادەت مەرتىۋىسگە پەقەت ئۇرۇشتىكى ئىخلاس ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ، دېيىلىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما غەنىيمەت بولمىغان تەقدىردىمۇ دىنىي تۈرتكىنىڭ ئۆزىلا غازات ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرەلەيدىغان كىشىلەر بار بولۇپ، بىرى باي، يەنە بىرى كەمبەغەل بولغان ئىككى گۇرۇھ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا

[1] سۈرە كەھف، 110 ـ ئايەت.

كۆچى يېتىدىغان ھالەتتە ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ۋە غەنىيمەت ئۈچۈن باي كاپىرلار بار تەرەپكە يۈزلەنسە، ئۇلارنىڭ قىلغان غازىتىغا قەتئىي ئەجىر بېرىلمەيدۇ دېيىلمەسلىكى لازىم (ئاللاھقا سىغىنىپ ئىشلارنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىشىدىن پاناھ تىلەيمىز). بۇنداق دېيىش دىنغا قىينچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ ۋە مۇسۇلمانلاردا مەلۇم دەرىجىدە ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ بۇنداق قوشۇمچە غەرەزلەردىن ئايرىلالىشى ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق غەرەزنىڭ بولۇشى ساۋابىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ، ئەجرنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىۋەتمەيدۇ.

دۇرۇس، ئىنسان بۇنداق ھالەتتە چوڭ خەتەر ئۈستىدە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ بەزىدە ئۆزىنى ئەمەلگە ئۈندىگەن ئەڭ كۈچلۈك ئامىلنى ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىش دەپ ئويلايدۇ - يۇ، ئەمما ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلىگىنى شەخسىي غەرەزى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىنتايىن مەخپىي ئىشلاردىندۇر. شۇڭا ئەجرگە پەقەت ئىخلاس بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بەندە ھەرقانچە ئېھتىياتچان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىخلاس قىلغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن ئىشەنچ قىلالايدىغانلار ئىنتايىن ئاز.

شۇڭلاشقا، بەندە تولۇق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن، قىلغان ئىبادىتىدە بىرەر ئاپەت بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ جازاسى ساۋابىدىن كۆپ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن داۋاملىق قىلغان ئەمىلىم قوبۇل بولارمۇ ياكى بولماسمۇ؟ دەيدىغان ئەنسىزلىك ئىچىدە تۇرۇشى لازىم. پاراسەت ئىگىلىرى ئىچىدىن ئاللاھتىن بەك قورقىدىغان كىشىلەر ئەنە شۇنداق قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق ئەقىل - پاراسەت ئىگىسى

بولغان ئادەم شۇنداق قىلىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇفيان رەھىمەھۇللاھ: «مەن ئەمەللىرىم ئىچىدىن ئاشكارا بولغىنىنى قاتارغا ئېلىپ ئولتۇرمايمەن» دەيتتى. ئابدۇلئەزىز ئىبنى داۋۇد: «مەن مۇشۇ ئۆينىڭ (مەسچىتنى ھەرامنى دېمەكچى) يېنىدا 60 يىل ياشىدىم. 60 قېتىم ھەج قىلدىم. مەن ئاللاھ ئۈچۈن قىلىدىغان ھەرقانداق ئەمەلگە تۇتۇنسام، ئۇ ئەمەلنى قىلغىنىمنى كۆڭلۈمدە ھېسابلاپ قويىدۇم. نىھايەت شۇنى ھېس قىلدىمكى، قىلغان ئەمەلىمدە شەيتانغا تېگىشلىك بولغىنى ئاللاھقا تېگىشلىك بولغىنىدىن كۆپرەك ئىكەن. ئۈمىدىم شۇكى، قىلغان ئەمەلىم ماڭا پايدا كەلتۈرەلمىسىمۇ، ئازاب ئېلىپ كەلمىسكەن» دەيتتى.

شۇنداقتىمۇ، ئاپەت ۋە رىيادىن قورققان ھالەتتىمۇ يەنىلا ئەمەلنى تەرك ئەتمەسلىك لازىم. چۈنكى، بۇ چاغدا ئەمەل قىلىشنى تەرك ئېتىش شەيتاننىڭ ئىنساندىن كۈتكەن ئۈمىدىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدۇر. مەقسەت ئىخلاسنىڭ يوق بولۇپ كەتمەسلىكىدۇر. مۇبادا ئەمەل تەرك ئېتىلسە، ئەمەل ۋە ئىخلاس بىللە يوق بولىدۇ.

مۇنداق بىر ھېكايەت بار: كەمبەغەللەرنىڭ بىرى ئەبۇ سەئىيد خەررازنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ھەرىكىتى ئىنتايىن چاققان ئىدى. بىر كۈنى ئەبۇ سەئىيد ھەرىكەتتىكى ئىخلاسنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ ئىخلاس ھەققىدە سۆز قىلدى. ئاندىن ھېلىقى كەمبەغەل كىشى ھەربىر ھەرىكەت قىلغان چاغدا قەلبىنى تەكشۈرۈشكە ۋە ئىخلاسنى ئىزدەشكە باشلىدى. نەتىجىدە ئۇنىڭغا ئەبۇ سەئىيدنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىش قىيىن كەلدى ۋە بۇ ئارقىلىق شەيخكە زەرەر يەتكۈزۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن شەيخ خىزمەتكاردىن نېمە بولغانلىقىنى

سورۇۋېدى، خىزمەتكار ئۆز كۆڭلىدىن ھەقىقىي ئىخلاسنى ئىزدىگەنلىكىنى، لېكىن قىلغان ئەمەللىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىخلاسنى تېپىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىنى، شۇڭا ئەمەل قىلىشنى تەرك ئەتكەنلىكىنى ئېيتتى. شەيخ ئەبۇ سەئىيد دېدىكى: «ئۇنداق قىلما، ئىخلاس دېگەن باشقىلارغا بولغان مۇئامىلىنى ئۈزۈپ قويمايدۇ. خىزمىتىڭنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگىن. ئىخلاسنى قولغا كەلتۈرۈشكە قاتتىق تىرىشقىن. مەن ساڭا ئەمەل قىلما دېمىدىم، پەقەت ئەمەلنى ئىخلاس بىلەن قىلغىن دېدىم» دېدى. فۇزەيل مۇنداق دەيتتى: «مەخلۇقنى دەپ ئەمەلنى تەرك ئېتىش رىيادۇر، مەخلۇقنى دەپ ئەمەل قىلىش شېرىكتۇر»[1].

## شەيخ ئىبنى رەجەبنىڭ دۇنيالىق غەرەزلەر ئارىلىشىپ قالغان ئەمەللەر ھەققىدە ئېيتقانلىرى

ئەللامە ئىبنى رەجەب ھەنبەلىينىڭ «شەكسىزكى، ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر» دېگەن ھەدىسنى شەرھلىگەن چاغدا دۇنيالىق باشقا غەرەزلەر ئارىلىشىپ قالغان ئەمەللەر ھەققىدە ئېيتقان ئىنتايىن ياخشى سۆزلىرى بار. ئەللامەنىڭ بۇ ھەقتىكى بەزى قاراشلىرى ئىمام غەززالىينىڭ قارىشىغا ئوخشىمىسىمۇ، بۇ ھەقتە بىرقەدەر تولۇقراق مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن يەنىلا بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ قاراشلىرىنىمۇ بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىز ياخشى.

ئەللامە مۇنداق دەيدۇ:

«شۇنى بىلگىنكى، ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن ئەمەل قىلىش بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ. بەزىدە خاس رىيا ئۈچۈن بولۇپ، بۇنداق

[1] ئىمام غەززالىي: «ئىھيائۇل ئۇلۇمىددىين»، 2761 ــ 2765 ـ بەتلەر، شەئب نەشرىياتى.

ئەمەل ئارقىلىق بىرەر دۇنيالىق غەرەز تۇپەيلىدىن مەخلۇقلارغا كۆرسىتىشتىن باشقا نەرسە مەقسەت قىلىنمايدۇ. خۇددى مۇناپىقلارنىڭ ناماز ئوقۇغاندىكى ھالىغا ئوخشاش. ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ھالى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار نامازغا تۇرغاندا خۇشياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ، (نامازنى پەقەت) كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ. ئاللاھنى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ﴾[1].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ﴾[2].

يەنە شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا كاپىرلانى مۇنۇ سۆزىدە رىياكارلىق بىلەن سۈپەتلىگەن: ﴿يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (يەنى كاپىر مۇشرىكلار) گە ئوخشاش بولماڭلار، ئۇلار كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدۇ﴾[3].

بۇنداق خاس رىيا پەرز ناماز ۋە روزىلاردا ئاساسىي جەھەتتىن مۆمىندىن سادىر بولمايدۇ. بەزىدە ۋاجىپ سەدىقە ياكى ۋاجىپ ھەج ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئاشكارا ئەمەللەردە ياكى باشقىلارغا مەنپەئەتى تېگىدىغان ئەمەللەردە كۆرۈلۈپ قالىدۇ. شەكسىزكى، بۇنداق ئەمەللەردە ئىخلاس ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر. بۇنداق ئەمەل رىيا بىلەن بوپقالسا، مۇسۇلمان بۇ ئەمەلنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقى ۋە بۇنداق ئەمەلنىڭ ساھىبى ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە ئازابىغا يولۇقىدىغانلىقىدا شەك قىلمايدۇ.

---

[1] سۈرە نىسائ، 142 ـ ئايەت.

[2] سۈرە مائۇن، 4ــ6 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە ئەنفال، 47 ـ ئايەت.

بەزىدە ئەمەللەر ئاللاھ ئۈچۈن بولۇپ، كېيىن رىيا ئارىلىشىپ قالىدۇ. ئەگەر رىيا بۇ ئەمەلنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئارىلاشقان بولسا، سەھىھ ھەدىس ۋە ئايەتلەر بۇنداق ئەمەلنىڭ ئىناۋەتسىز ئەمەل بولۇپ، ئەجىر بېرىلمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئەللامە ئىبنى رەجەب بۇ تېمىدا كۆپلىگەن ھەدىسلەرنى نەقىل قىلغان بولۇپ، بۇ ھەدىسلەرنىڭ بايانى ئىلگىرى ئۆتتى. شۇڭا ئۇ ھەدىسلەرنى يەنە قايتىلاپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. پەقەت ئىمام نەسەئىي ئەبۇ ئۇمامە باھىلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن «ھەسەن سەنەد» بىلەن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى نەقىل قىلىشلا كۇپايە:

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھتىن ئەجىر كۈتۈش بىلەن بىرگە باشقىلارنىڭ ماختىشىنى كۆزلەپ جىھاد قىلغان كىشىگە قانداق قارايسەن؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئەجىر يوق» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى بۇ سوئالنى قايتىلاپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنىلا: «ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئەجىر بېرىلمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىن: «شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئەمەللەر ئىچىدىن پەقەت ئۆزى ئۈچۈن خالىس بولغىنىنى ۋە ئۆزىنىڭ رازىلىقى مەقسەت قىلىنغىنىنىلا قوبۇل قىلىدۇ» دېدى.

ئىمام ھاكىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: بىر ئادەم: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! شەكسىزكى، مەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ۋە ئورنۇمنى باشقىلارنىڭ كۆرۈشىنى مەقسەت قىلىپ نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى قىلىمەن، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كىشىگە ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىغان. ئاندىن مۇنۇ ئايەت نازىل بولغان:

﴿كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارى ئۈچۈن قىلغان ئىبادىتىدە ھېچكىمنى شېرىك قىلمىسۇن﴾[1].

مۇشۇ ئۇقۇم ۋە رىيا ئارىلىشىپ قالغان ئەمەلنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكى نۇرغۇنلىغان سەلەپلەردىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇبادە ئىبنى سامىت، ئەبۇددەرداء، ھەسەن بەسرىي، سەئىيد ئىبنى مۇسەييەب ۋە باشقىلارمۇ بار.

قاسىم ئىبنى مۇخەيمىرەنىڭ مۇرسەل ھەدىسلەر توپلىمىدا رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا قىچىنىڭ دانىسىغا چاغلىق رىيا بولغان ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ»[2].

گەرچە كېيىنكى بىر قىسىم ئۆلىمالار ئىچىدە ئاز - تولا دەتالاش بولسىمۇ، سەلەپلەردىن بۇ ھەقتە ئىختىلاپ بارلىقىنى بىلمەيمىز.

مەسىلەن، جىھاد قىلىش نىيىتىگە، كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قارىتا ھەقكە ئېرىشىش ياكى ئاز - تولا غەنىيمەتكە ئېرىشىش ۋە ياكى تىجارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش دېگەندەك رىيادىن باشقا مەقسەت ئارىلىشىپ قالسا، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ جىھادىنىڭ ئەجرى كېمىيىپ كېتىدۇ، لېكىن پۈتۈنلەي بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. سەھىھ مۇسلىمدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، مۇجاھىدلار غەنىيمەتكە ئېرىشسە،

[1] سۈرە كەھف، 110 - ئايەت.

[2] ئەبۇ نۇئەيم: «ئەلھۇلىيە»، 8 - جىلد، 240.

ئەجرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى ئېلىپ بولغان بولىدۇ. ئەگەر ھېچنېمە غەنىيمەت ئالالمىسا، ئۇلارغا تولۇق ئەجىر بېرىلىدۇ»[1].

بىز ئىلگىرىكى بەتلەردە قانداق ئادەم جىھادى ئارقىلىق مەلۇم دۇنيالىق پايدىغا ئېرىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسا، قىلغان ئەملىگە قارىتا ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان ھەدىسلەرنى نەقىل قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. مەزكۇر ھەدىسلەر قىلغان جىھادىدا پەقەت بۇ دۇنيالىق پايدا ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىشتىن باشقا ھېچقانداق مەقسەت يوق بولغان ئادەمگە قارىتىلغان دەپ چۈشىنىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد مۇنداق دېگەن: «تىجارەت قىلغۇچى، تىجارەتكە سالغۇچى ۋە ئۇلارنى ئىجارىگە ئالغۇچىلارنىڭ ئەجرى ئۇلارنىڭ جىھادىدا نىيەتلىرىنىڭ ساپ بولغان قىسمىنىڭ قانچىلىكلىكىگە قاراپ بولىدۇ. ئۇلار پەقەت باشقا غەرەزنى ئارىلاشتۇرماي جانلىرى ۋە ماللىرى بىلەن جىھاد قىلغان كىشىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ».

يەنە شۇنىڭدەك، قىلغان جىھادىغا قارىتا مۇكاپات ئالىدىغان كىشى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ناۋادا ئۇ كىشى تەڭگە ـ تىللانى دەپ جىھادقا چىقمىغانلا بولسا، مۇكاپات ئالسا بولىدۇ. مەسىلەن، جىھادقا ئەسلىدە دىنىنى كۆزلەپ چىقىپ، بىر نەرسە بېرىلسە ئۇنى ئالغان ئادەمگە ئوخشاش».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن مۇشۇ مەنىدە بىر ئەسەر رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار جىھاد

[1] ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

قىلىشقا بەل باغلىسا، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رىزىق بەرگەن بولسا، بۇنىڭدا ھېچقانداق مەسىلە يوق. ئەمما سىلەرنىڭ بىرىڭلار تەڭگە ـ تىللا بىرىلسە ئۇرۇش قىلىپ، بىرىلمەي قالسا ئۇرۇشتىن توختىۋالغان بولسا، بۇنداق ئادەمنىڭ قىلغان جىھادىدا ياخشىلىق يوق».

ئەۋزائىيمۇ مۇنداق دېگەن: «مۇجاھىدنىڭ نىيىتى غازات قىلىشلا بولىدىكەن، بېرىلگەن نەرسىنى ئالسا گۇناھ بولىدۇ دەپ قارىمايمەن».

ئۆزى ياكى باشقا بىرىگە ۋاكالىتەن ھەج قىلىش ئۈچۈن بىر نەرسە ئالغان كىشى ھەققىدىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. مۇجاھىدتىن مۇنداق بىر رىۋايەت بار بولۇپ، ئۇ تۆگىچىنىڭ ھەجى، كىراكەشنىڭ ھەجى ۋە تىجارەتچىنىڭ ھەجى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ ھەجى تولۇق بولۇپ، ئەجرىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئەسلى مەقسىتى پۇل تېپىش ئەمەس، بەلكى ھەج قىلىش بولغان دەپ چۈشىنىلىدۇ».

ئەگەر ئەسلي مەقسەت ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەل قىلىش بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭغا رىيا قىلىش خىيالى قوشۇلۇپ قالغان بولسا، ئاندىن ئۇ بۇنى ئۇيلاپ يېتىپ، بۇ خىيالنى كاللىسىدىن چىقىرىۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ كاللىسىغا بۇنداق رىيا قىلىش ھەققىدىكى ئوي ـ پىكىرنىڭ كەچكەنلىكى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىدا ئىختىلاپ يوق. ناۋادا ئۇ مۇشۇنداق خىيالنىڭ كەينىگە كىرىپ ئەمەل قىلغان بولسا، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەملى بىكار بولۇپ كېتەمدۇ ياكى مۇشۇنداق قىلىشمۇ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەي، ئۇ كىشى ئەسلي نىيىتى بويىچە مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟ دېگەن بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۆلىگىرىكى ئالىملارنىڭ ئوتتۇرىسىدا

ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى جەرىير ئەتتەبەرىي بۇ ھەقتىكى قاراشلارنى نەقىل قىلغان ھەمدە بۇ ئىككىيلەن مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ئەمىلىنىڭ بىكار بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئىلگىرىكى نىيىتىگە قارىتا مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى كۆچلەندۈرگەن. بۇ قاراش ھەسەن بەسرىيدىن ۋە باشقىلاردىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد «مۇرسەل ھەدىسلەر توپلىمى» ناملىق كىتابىدا ئەتائۇلخۇراسانىيدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس بۇ سۆزگە دەلىل بولىدۇ: بىر ئادەم: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەلەمە جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇرۇش قىلىدۇ - يۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۇنيانى دەپ ئۇرۇش قىلىدىغانلارمۇ، ئۆز جەمەتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغانلارمۇ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۇرۇش قىلىدىغانلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ قايسىسى شېھىت ھېسابلىنىدۇ؟ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنىڭ ھەممىسى شېھىت ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنىڭ ئۈستۈن بولۇشىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىبنى جەرىير مۇنداق دېگەن: «بۇ دەتالاش پەقەت ناماز، روزا ۋە ھەجگە ئوخشاش ئاخىرى ئەۋۋىلىگە تۇتىشىپ كېتىدىغان ئەمەللەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئەمما قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئاللاھنى زىكرى قىلىش، مال چىقىم قىلىش ۋە ئىلىم تارقىتىشقا ئوخشاش ئاخىرى ئەۋۋىلىگە تۇتاشمايدىغان ئەمەللەردە كېيىن رىيانى كۆڭلىگە پۈكۈش بىلەنلا بۇ ئەمەل ئۈزۈلۈپ قالىدۇ ۋە يېڭىدىن نىيەت قىلىشقا موھتاج بولىدۇ».

سۇلايمان ئىبنى داۋۇد ئەلھاشىمىيدىنمۇ مۇشۇنداق بىر رىۋايەت بار بولۇپ، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: «مەن بەزىدە بىر نىيەت

بىلەن بىر ھەدىسنى سۆزلىمەكچى بولىمەن. ئاندىن ئۇ ھەدىسنىڭ مەلۇم قىسمىنى سۆزلەپ بولۇپ نىيىتىمنى ئۆزگەرتسەم، ئۇ چاغدا ئۇ بىر ھەدىس قايتا نىيەت قىلىشقا موھتاج بولىدۇ».

ئەتائۇلخۇراسانىينىڭ ھەدىسدە بايان قىلىنغىنىدەك، جىھاد قىلىش بۇنىڭغا چۈشمەيدۇ. چۈنكى، جىھاد قىلىشتا جەڭ سېپىگە ھازىر بولۇش لازىم، سەپنى تەرك ئېتىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەمەل خۇددى ھەجگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. لېكىن بىر ئادەم ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بىر ئەمەلنى قىلغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ مۇشۇ ئەمىلى تۈپەيلىدىن مۆمىنلەرنىڭ قەلبلىرىدە ئۇنىڭ ياخشى نامىنى قالدۇرسا، ئاندىن ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن خۇش بولسا، بۇنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيىنى يوق. بۇ ئۇنىڭ ئەمىلىنىڭ مۇكاپاتىنىڭ مۇشۇ دۇنيادا نەق بېرىلىدىغان بىر قىسمى بولىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندە ھەدىسلەر نەقىل قىلىنىدۇ.

بەشىنچى بۆلۈم

# ئىخلاسمەنلىكنىڭ ئالامەتلىرى

ئىخلاسمەنلىكنىڭ نۇرغۇن ئالامەتلىرى ۋە ئەمەلىي پاكىتلىرى بار بولۇپ، بۇ ئالامەتلەر ئىخلاسمەن كىشىنىڭ ھاياتىدا ۋە ئىش - پائالىيەتلىرىدە، ئۆزگە ۋە باشقىلارغا بولغان قارىشىدا نامايان بولىدۇ:

## مەشھۇرلۇقتىن قورقۇش

مەشھۇرلۇق ۋە نامى تارقىلىپ كېتىش تۇيۇپىلى ئۆزى ۋە دىنىدىن ئەنسىرەش. بولۇپمۇ ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ شۇنداق بولۇشى. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەمەللەرنىڭ مەقبۇل بولۇشى سىرتقى شەكىلگە ئەمەس، بەلكى ئىچكى ماھىيىتىگە باغلىق ئىكەنلىكىگە، ناۋادا بىر ئىنسانىنىڭ نام - شۆھرىتىنىڭ تىللاردا داستان بولۇشى ئۇنىڭ نىيىتىگە ئارىلىشىپ قالغان بولسا، بارلىق ئىنسانلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېچنىمىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن يۈز - ئابرۇي، كۆزگە كۆرۈنۈش ۋە نام - ئاتاققا بېرىلمەسلىك مال - دۇنياغا، يېمەك - ئىچمەككە ۋە شەھۋەتكە بېرىلمەسلىكتىنمۇ زور بىر ئىشتۇر. ئىمام ئىبنى شىھاب زۆھرىي مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ كۆرگەنلىرىمىز

ئىچىدە رەھبەرلىكتە زاھىدلىق ئەڭ ئازدۇر. چۈنكى، يېمەك - ئىچمەكتە ۋە مال - دۇنيادا زاھىدلىق قىلغان كىشىنىڭمۇ ناۋادا ئەمەل - مەنسەپ ئوتتۇرىدا تالاشقا قويۇلسا، ئەمەل - مەنسەپكە ھەدەپ ئۆزىنى ئاتقانلىقىنى ۋە باش بولۇش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن دۈشمەنلەشكەنلىكىنى كۆرىسىز».

مانا بۇ ئىلگىرىكى سەلەپ - سالىھلارنىڭ كۆپىنچىسىنى نام - شۆھرەتنىڭ پىتنىسىدىن، يۈز - ئابرۇي ۋە مەشھۇرلۇقنىڭ ئۆزىگە رام قىلىۋېلىشىدىن ئەندىشىگە چۈشۈرۈپ قويغان ئىشتۇر. ئۇلار شاگىرتلىرىنىمۇ بۇ ئىشلاردىن قاتتىق ئاگاھلاندۇراتتى. ئەبۇلقاسىم ئەلقۇشەيرىي، ئەبۇ تالىب ئەلمەككىي ۋە ئىمام غەززالىي كەبى ئەدەپ - ئەخلاق ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان ئۆلىمالار «ئەررىسالە»، «قەلبلەرنىڭ ئۇزۇقى» ۋە «ئەلئىھيائ» ناملىق كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئۆگۈتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇنىڭ جۈملىسىدىن مەشھۇر زاھىد ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم: «نام - ئاتاققا ئېرىشىشنى ياخشى كۆرگەن كىشى ئاللاھقا سەمىمىيەتسىزلىك قىلغان كىشىدۇر» دېگەن.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ دۇنيادا پەقەت بىر قېتىمدىن باشقا چاغدا قەتئىي خۇرسەن بولۇپ باقمىدىم. بىر كېچىسى شام دىيارىدىكى يېزا مەسچىتلىرىنىڭ بىرىدە قونۇپ قالدىم. ئۇ يەردە مېنى ھېچكىم تونۇمايتتى. توساتتىن مەسچىتنىڭ مۇئەززىنى كېلىپ، پۇتۇمدىن سۆرىگىنىچە سىرتقا ئاچىقىپ تاشلىۋەتتى».

ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەمنىڭ بۇ ئىشتىن خۇرسەن بولۇشى شۇ سەۋەبتىندۇركى، مەزكۇر كىشى ئۇنى تونۇمىغانلىقتىن

ئۇنىڭغا مۇشۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلغان ۋە ئۇنى پۇتىدىن تۇتۇپلا، خۇددى جىنايەتچىنى سۆرىگەندەك سۆرىگەن.

ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم ئاللاھ تائالانى دەپ ئەمەل ـ مەنسەپنى ۋە مال ـ دۇنيانى تەرك ئەتكەن. ئۇنى مۇئەززىن شۇنداق سۆرىسىمۇ ئۆزى قوپۇپ چىقىپ كەتمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ئۇ كىبىرسىزلىك سەۋەبىدىن ماڭالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

مەشھۇر زاھىد بەشەر ئەلھافىي مۇنداق دەيدۇ: «مەن نام ـ شۆھرەتكە ھېرىسمەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاخىرىدا دىنى يوق بولۇپ، رەسۋا بولغانلىقىنىلا بىلىمەن».

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «نام ـ شۆھرەتكە ھېرىسمەن ئادەم ئاخىرەتنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالمايدۇ».

بىر ئادەم مەلۇم بىر سەپەردە ئىبنى مۇھەيرىيزگە ھەمراھ بولۇپ قالغان. ئىككىسى ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇ ئادەم ئىبنى مۇھەيرىيزگە:

ـ ماڭا نەسىھەت قىلغىن، ـ دېگەن. ئىبنى مۇھەيرىيز ئۇنىڭغا:

ـ مۇمكىنقەدەر سەن باشقىلارنى تونۇغىنىڭكى، باشقىلار تەرىپىدىن تونۇلۇپ قالمىغىن. سەن باشقىلارنىڭ ئايىغىغا بارغىنىڭكى، باشقىلار سېنىڭ ئايىغىڭغا كەلمىسۇن. سەن باشقىلار توغرىسىدا سورىغىنىڭكى، باشقىلار سەن توغرىسىدا سورىمىسۇن، ـ دېگەن ئىكەن.

ئەييۇب سەختىيانىي مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بەندە ئۆز مەرتىۋىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن سېزىلىپ قالمىغىنىدىن خۇرسەن بولمىغۇچە ئاللاھقا سەممىي بولغان بولمايدۇ».

خالىد ئىبنى مەئدان ئىشەنچلىك ئابىد بولۇپ، قانداق

بىر جايدا سورۇنداشلىرى كۆپىيىپ كەتسە، مەشھۇرلۇقتىن قورقۇپ ئۇ يەردىن كېتەتتىكەن.

سەلىيم ئىبنى ھەنزەلە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۇبەي ئىبنى كەئبنى چۆرىدەپ ئارقىسىدىن كېتىۋاتاتتۇق. توساتتىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ ئۇبەي ئىبنى كەئبنى قامچا بىلەن ئۇرماقچى بولۇۋېدى، ئۇبەي:

ــ ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! قاراپراق بىر ئىش قىلغىن، ــ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېدىكى:

ــ شەكسىزكى، بۇ قىلغىنىڭ ئەگەشكۈچىلەرگە نىسبەتەن خارلىق، ئەگەشتۈرۈپ ماڭغۇچىغا نىسبەتەن پىتنىدۇر. بۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك پىسخىك خاراكتېرى بولۇپ قالىدۇ. قارىماققا بۇ شۇنداق ئاددىي ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئاقىۋەتتە ئەگەشكۈچىلەر بىلەن ئەگەشتۈرۈپ ماڭغۇچىنىڭ روھىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ھەسەن بەسرىي رەھىمەھۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇرالغۇسىدىن چىقىۋىدى، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىۋالدى. ئاندىن ئۇ كىشىلەرگە قاراپ:

ــ ماڭا نېمىشقا ئەگىشىۋالىسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئىشىكىمنى نېمىشقا ئېتىۋالغىنىمنى بىلگەن بولساڭلار، ماڭا ئاراڭلاردىن ئىككى كىشىمۇ ئەگەشمىگەن بولاتتى، ــ دېدى.

ھەسەن بەسرىي رەھىمەھۇللاھ بىر كۈنى سىرتقا چىقىۋىدى، بىر توپ كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىۋالدى. ھەسەن بەسرىي:

ـ بىرەر ئىشلار بارمۇ؟ بىرەر ئىشلار بولمىسىمۇ ماڭا بۇنداق ئەگىشىۋالساڭلار، بۇ قىلغىنىڭلار مۆمىننىڭ قەلبىدە قانداق ئىز قالدۇرىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ـ دېدى.

ئەييۇب سەختىيانىي بىر سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا ئۇنى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇزىتىپ چىققان. ئەييۇب سەختىيانىي ئۇلارغا:

ـ ئەگەر مەن ئاللاھنىڭ بۇ ئىشنى يامان كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن بولسام ئىدىم، ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ماڭا غەزىپى كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولاتتىم، ـ دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئىلىم بۇلاقلىرى، ھىدايەت چىراقلىرى، قەلبلىرى يېڭى، كىيىملىرى كونا، ئاسماندىكى پەرىشتىلەر ئارىسىدا مەشھۇر، زېمىندىكى ئىنسانلار ئارىسىدا تونۇلمايدىغان كىشىلەر بولۇڭلار».

فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: «مۇمكىنقەدەر باشقىلار تەرىپىدىن تونۇلمىغىن، تونۇلمىساڭ ساڭا نېمە زىيىنى؟ ماختالمىساڭ نېمە بولىدۇ؟ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەيىبلىنىپ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەدھىيەگە نائىل بولغانىڭ نېمە زىيىنى؟».

يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان ئۈگۈتلەر تەركىدۇنيالىق ۋە باشقىلاردىن ئايرىلىپ تەنھا ياشاشقا چاقىرىق كەبى چۈشىنىلمىگەي! چۈنكى، بۇ نەمۇنىلىك ئىش ـ ئىزلار رىۋايەت قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يېتەكچى ئىماملار ۋە ئىسلاھات دەۋەتچىلىرى بولۇپ، خەلق ئاممىسىنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش، كۆرسەتمە بېرىش ۋە ئىسلاھ قىلىشتا بۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىش ـ ئىزلىرى بار.

لېكىن بۇ ئۈگۈتلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدىن،

بىراۋنى كۆپلىگەن ئەگەشكۈچىلەر ۋە ئۇزاتقۇچىلار ئورنىۋالغان ھەمدە باشقىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان چاغدا نەپسىنىڭ شەھۋەتلىرىگە سەگەك بولۇش، شەيتاننىڭ قەلبىگە كىرىۋېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەش كىشىلەرنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

مەشھۇرلۇق ئەسلىدە ئەيىبلىنىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى، بۇ دۇنيادا پەيغەمبەرلەر، تۆت خەلىپە ۋە مۇجتەھىد ئىماملاردىنمۇ مەشھۇرراق بىرى يوق. لېكىن ئەيىبلىنىدىغىنى مەشھۇر بولۇشنى، ئەمەل ـ مەنسەپنى، يۈز ـ ئابرۇيغا ئېرىشىشنى كۆزلەش ۋە شۇنىڭغا ھېرىسمەن بولۇشتۇر. ئەمما بۇ ئىشلار ئىمام غەززالىي ئېيتقاندەك كۈچلۈكلەرگە ئەمەس، بەلكى ئاجىزلارغا پىتنە بولغان تەقدىردىمۇ، مۇشۇنداق تەكەللۇپسىز ۋە ھېرىسمەنلىكسىز قولغا كەلگىنىنىڭ ھېچقىسى يوق.

مۇشۇ مەنىدە ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ياخشى ئەمەل قىلغان، ئەمما كىشىلەر ئۇنى شۇ قىلغان ياخشى ئەملىگە قارىتا مەدھىيەلىگەن كىشى توغرۇلۇق سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ، مۆمىنگە مۇشۇ دۇنيادىلا بېرىلىدىغان خۇشاللىقتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن[1]. ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە: «بىر كىشى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ياخشى ئەمەل قىلىدۇ، ئاندىن كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ» دېيىلگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئىسھاق ئىبنى راھۋەيھ، ئىبنى جەرىر تەبەرىي ۋە باشقىلارمۇ مۇشۇ مەنىدە شەرھلىگەن.

---

[1] ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

ئىمام تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: بىر كىشى: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىر ئادەم بىر ئەمەلنى مەخپىي قىلسا، ئاندىن ئۇنىڭ قىلغان ئەمىلى باشقىلار تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ، ئەمەل قىلغۇچى ئۇنىڭدىن خۇرسەنلىك ھېس قىلسا، قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا قوش ئەجىر بېرىلىدۇ، بىرى مەخپىي قىلغانلىقنىڭ ئەجرى، يەنە بىرى ئاشكارا قىلغانلىقنىڭ ئەجرى» دېدى[1].

## ئۆزىنى ئەيىبلەش

شەكسىزكى، ئىخلاسمەن كىشى ئاللاھنىڭ ھەققىگە سەل قارىغانلىق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتا كەتكۈزۈپ قويغانلىق سەۋەبلىك داۋاملىق ئۆزىنى ئەيىبلەپ تۇرىدۇ. قىلغان ياخشى ئەمىلى تۈپەيلى قەلبىنى مەغرۇرلۇق قاپلىۋالمايدۇ ۋە ئۆزگە تەمەننا قىلمايدۇ. بەلكى ئۇ داۋاملىق خاتالىقلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنماي قېلىشىدىن ۋە ياخشىلىقلىرىنىڭ مەقبۇل بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرىدۇ. سالىھلارنىڭ بىرى بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالغاندا ناھايىتى قاتتىق يىغلاپ كەتكەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يوقلاپ كەلگەنلەردىن بىرى:

ـ سەن روزا تۇتۇپ، نامازمۇ ئوقۇپ، جىھادمۇ قىلىپ، سەدىقىمۇ قىلىپ، ھەجمۇ قىلىپ، ئۆمرىمۇ قىلىپ، ئىلىممۇ ئۆگىنىپ، ئاللاھنىمۇ كۆپ زىكرى قىلغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمىگە يىغلايسەن؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ:

[1] تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

ـ مەن مىزانىمدا ئۇ ئەمەللەردىن نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى، پەرۋەردىگارىمنىڭ نەزىرىدە قوبۇل بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئاللاھ تائالا: ﴿ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭ ئەمىلىنىلا قوبۇل قىلىدۇ﴾[1] دەيدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن.

تەقۋالىقنىڭ مەنبەسى پەقەتلا قەلبتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىممۇ تەقۋالىقنى قەلبكە نىسبەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەكسىزكى، ئۇ ئىش (يەنى دىنىنىڭ شوئارلىرىنى) ئۇلۇغلاش قەلبنىڭ تەقۋالىقىدىندۇر﴾[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ: «تەقۋالىق بۇ يەردە» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ يۈرىكىنى كۆرسەتكەن[3].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿قىلغان ئىشىنى پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرۇپ قىلىدىغان كىشىلەر﴾ دېگەن سۆزى توغرا كېلىدىغان كىشىلەر ھەققىدە سوراپ: «ئۇلار ئاللاھتىن قورقۇپ تۇرۇپ ئوغرىلىق قىلامدۇ؟ زىنا قىلامدۇ؟ ھاراق ئىچەمدۇ؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئەي سىددىقنىڭ قىزى! ئۇلار قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مەقبۇل بولماي قېلىشىدىن قورقۇپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، روزا تۇتىدۇ، سەدىقە قىلىدۇ» دېگەن ۋە مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغان: ﴿ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلاردۇر، ياخشى ئىشلارنى (باشقىلاردىن) بۇرۇن

[1] سۈرە مائىدە، 27 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھەج، 32 ـ ئايەت.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قىلىشقا تىرىشقۇچىلاردۇر﴾[1].[2]

ئىخلاسمەن كىشى داۋاملىق ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا كۆڭلىگە رىيا كىرىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، رىياكارلىق سەگەك بولماي ياخشى ئەمەل قىلغۇچىنىڭ كۆڭلىنى تۇيدۇرماي زەھەرلەيدىغان «يوشۇرۇن شەھۋەت» دەپ ئاتالغان.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئاتائۇللاھ تەنبىھ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئىنسان نەپسىنىڭ گۇناھ ـ مەسىيەتتىكى نېسىۋىسى ئوچۇق ـ ئاشكارا بولىدۇ، ئەمما تائەت ـ ئىبادەتتىكى نېسىۋىسى يوشۇرۇن بولىدۇ. داۋاملىق مەخپىي بولغان ئىشنىڭ چارىسى ئىنتايىن قىيىندۇر. بەزىدە سېنىڭ كۆڭلۈڭگە ھېچكىم كۆرمەيدىغان تەرەپتىن رىيا قىلىش تۇيغۇسى كېلىپ قالىدۇ. سېنىڭ ئاللاھدىن باشقىلارنى مەخلۇقلارنىڭ بىلىشىنى ئۈمىد قىلىشىڭ، قىلغان تائەت ـ ئىبادىتىڭدە سەممىيىتىڭ يوقلۇقىنىڭ دەلىلىدۇر. ئاللاھنىڭ سېنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەخلۇقلارنىڭ ساڭا نەزىرى چۈشۈشىدىن ساقلانغىن. ئاللاھنىڭ ساڭا يۈزلىنىدىغانلىقىنى ئېسىڭگە كەلتۈرۈپ، مەخلۇقلارنىڭ ساڭا يۈزلىنىشىدىن ساقلانغىن!».

## كۆزلەردىن يىراق ھالدا ئۈن ـ تىنسىز ئەمەل قىلىش

ئىخلاسمەن كىشىگە نىسبەتەن، ئۇنىڭ ئۈن ـ تىنسىز قىلغان ئەمىلى باشقىلارغا ئاشكارىلاش ۋە نام ـ ئاتاققا ئېرىشىش تەمەسى ئارىلاشقان ئەمەلدىن سۆيۈملۈكرەكتۇر. شەكسىزكى، ئىخلاسمەن كىشى مەڭگۈ قان ـ تەر ئاققۇزىدىغان، ئەمما باشقىلار

[1] سۈرە مۇئمىنۇن، 61 ـ ئايەت.

[2] ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

تەرپىدىن تونۇلمايدىغان، قۇربان بېرىدىغان، ئەمما باشقىلار تەرپىدىن تىلغا ئېلىنمايدىغان «نامسىز قەھرىمان» بولۇشنى ھەممىدىن ئارتۇق بىلىدۇ. مۇسۇلمانلار جەمئىيەتكە نىسبەتەن دەرەخنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ياشىرىپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى بولغان، ئەمما زېمىننىڭ ئىچكى قاتلىمىدا بولغاچقا كۆزلەرگە كۆرۈنمەيدىغان يىلتىزغا ئوخشاش بولۇشنى ياكى ئۈنىڭسىز تام كۆتۈرۈلمەيدىغان، ئۆگزە يېپىلمايدىغان، ئۆي بارلىققا كەلمەيدىغان، ئەمما تام - تورۇس ۋە ئىشىك - دېرىزىلەر كۆرۈنگەندەك كۆزلەرگە كۆرۈنمەيدىغان بىنانىڭ ئۇلىغا ئوخشاش بولۇشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ.

بىز ئىلگىرى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى نەقىل قىلىپ ئۆتتۇق: «شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا تەقۋادار، كۆزگە چېلىقمايدىغان، يوق چاغدا يوقلانمايدىغان، بار چاغدا تونۇلمايدىغان، قەلبلىرى ھىدايەت چىراقلىرى بولغان، ھەرقانداق جاپالىق ئىشنىڭ ئارقىسىدىن چىقىدىغان ياخشى كىشىلەرنى ياقتۇرىدۇ».

## ماختىنىشنى كۆزلىمەسلىك، ماختىنىپ قالسا مەغرۇرلانماسلىق

ئىخلاسمەنلىكنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى مەدداھلارنىڭ ماختىشىنى كۆزلىمەسلىك ۋە ماختىنىشقا ھېرىسمەن بولماسلىقتۇر. ناۋادا ئىخلاسمەن كىشىنى بىرەرسى ماختاپ قالسا، ماختاش ئۇنىڭغا ئۆز ئەسلىنى ئۇنتۇلدۇرمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى سىرتىغا قاراپ ماختىغان كىشىلەردىن ئوبدانراق بىلىدۇ.

ئىبنى ئاتائۇللاھ «ھېكمەتلەر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق

دەيدۇ: «كىشىلەر سېنى پەقەت گۇمان بىلەنلا ماختايدۇ. شۇڭا سەن ئۆزۈڭدە بارلىقىنى بىلگەن كەمچىلىكلىرىڭگە قارىتا ئۆزۈڭنى ئەيىبلىگىن. كىشىلەرنىڭ گۇمانىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىنى تەرك ئەتكەن كىشى ئەڭ نادان كىشىدۇر».

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى بىراۋ ماختىغاندا: «ئى ئاللاھ! كىشىلەرنىڭ مېنى ماختىغانلىقى تۈپەيلى مېنى جازالىمىغىن! مېنى ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ ياخشىراق قىلغىن! ئۇلار بىلمەيدىغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن!» دەيدىكەن.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۆزىگە ئەگىشىپ ئەتراپىنى قورشىۋالغان كىشىلەرگە: «ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئىشىكىمنى نېمىشقا ئېتىۋالغانلىقىمنى بىلگەن بولساڭلار، ماڭا ئاراڭلاردىن ئىككى كىشىمۇ ئەگەشمىگەن بولاتتى» دېگەن ئىكەن. ھالبۇكى، ئۇ زات ساھابىلەرنىڭ بايراقدارلىرىدىن، ھىدايەت ئىماملىرىدىن ۋە ئىسلامنىڭ نۇرلۇق چىراقلىرىدىن ئىدى.

ئىلگىرى بىر توپ كىشىلەر بىر خۇداگۇي كىشىنى ماختىغان چاغدا ئۇ كىشى پەرۋەردىگارىغا يېلىنىپ تۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! شەكسىزكى، بۇلار مېنى تونۇمايدۇ، پەقەت سەنلا مېنى تونۇيسەن» دېگەن ئىكەن.

سالىھلاردىن بىرى بەزى كىشىلەر ئۆزىنى ماختاپ، بىر قىسىم ياخشى خىسلەتلىرىنى ۋە ئېسىل ئەخلاقلىرىنى تىلغا ئالغاندا ئۇ كىشى پەرۋەردىگارىغا مۇناجات قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىكەن:

*بىراۋ مېنى ياخشى دەر، ئۇنچە ياخشىلىق يوق مەندە،*

*بىلگىنىڭدەك ئەي رەببىم! مەن گۇناھكار بىر بەندە.*
*ياپتىڭ بارچە نۇقسانىم ئېلىپ لۇتپىڭدىن بىر قەترە،*
*گۈزەل بىر تون كەيدۇردۇڭ، قىلىپ ئۇنى ماڭا سەترە.*
*بىراۋ مېنى دوستۇم دەر، ئاڭا لايىق ئەمەسمەن،*
*ئەتىمالىم ئويلىدى مېنى ياخشى بىر بەندە.*
*مېنى رەسۋا قىلمىغىن، ئەي مېھرىبان ئاللاھىم!*
*بارچە ئىنسان توپلانغان مەھشەرى قىيامەتتە...*

بۇ سالىھ شائىر بۇ شېئىردا ئىنتايىن مۇھىم، نازۇك بىر مەنىگە ئىشارەت قىلغان بولۇپ، ئۇ مەنە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى باشقىلارنىڭ كۆزلىرىدىن يوشۇرغانلىقىنىڭ گۈزەللىكىدۇر. نۇرغۇن ئەيىبلەر باركى، ئاللاھ تائالا ئۆز پەردىسى بىلەن ئۇنى مەخلۇقلارنىڭ كۆزلىرىدىن يوشۇرغان. ئەگەر ئاللاھ ئەيىبلىرى يوگەلگەن بەندىسىدىن پەردىسىنى ئېچىۋېتىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مەرتىۋىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، بەلكىم مەرتىۋىسى پۈتۈنلەي يەر بىلەن يەكسان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئاللاھنىڭ پەزلى نەقەدەر كاتتىكى، ئۇ بەندىلىرىگە ياخشىلىق قىلىش ۋە مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن ئاجىزلىقلىرىنى ياپىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئاتائۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى سېنى ھۆرمەتلەيدىكەن، ئۇ سېنى پەقەت ئاللاھنىڭ ساڭا ياپقان پەردىسى گۈزەل بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتلىگەن بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشتىكى تۆھپە سېنى ماختىغان ۋە ساڭا رەھمەت ئېيتقان كىشىگە ئەمەس، بەلكى ساڭا مەرھەمەت قىلغان ۋە سېنى ئۆز پەردىسى بىلەن ياپقان زاتقا مەنسۇپتۇر».

## ماختاشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى ماختاشقا بېخىللىق قىلماسلىق

ئىخلاسمەنلىكنىڭ ئالامەتلىرىدىن يەنە بىرى ماختاشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى ماختاشقا، مەدھىيەگە لايىق كىشىلەرنى مەدھىيىلەشكە بېخىللىق قىلماسلىقتۇر. بۇ يەردە ئىككى خەتەرلىك ئاپەت بار. بىرى، لاياقەتسىز كىشىلەرنى ماختاپ ئۇچۇرۇۋېتىش. ئىككىنچىسى، ماختاشقا ئەرزىيدىغان كىشىلەرنى ماختاشقا بېخىللىق قىلىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بىر بۆلەك ساھابىلىرىنىڭ پەزىلەتلىرىنى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ماختايتتى. مەسىلەن، ئەبۇ بەكرى توغرىسىدا: «ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمدىن باشقا سىرداش دوست تۇتىدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى سىرداش دوست تۇتقان بولاتتىم. لېكىن ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم ۋە ھەمراھىمدۇر» دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئەگەر سەن بىر كوچىدىن ماڭساڭ، شەيتان ئەلۋەتتە باشقا كوچىدىن ماڭىدۇ» دېگەن.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە: «شەكسىزكى، ئۇ پەرىشتىلەرمۇ ئۇيۇلىدىغان ئادەمدۇر» دېگەن.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «سەن ماڭا نىسبەتەن مۇسانىڭ ھارۇنى كەبىسەن».

ئەبۇ ئۇبەيدە توغرىسىدا: «ئۇ بۇ ئۇممەتنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمىدۇر» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپلىگەن كىشىلەرنى ماختىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ بەزى قابىلىيەتلىرى ۋە ئىقتىدارلىرىنى نامايان قىلىپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ بەزىسى ياشلار ئىدى. مەسىلەن،

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ساھابىلەرنىڭ بەزى كاتتىلىرىمۇ قاتناشقان قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلىگەن. ئەتتاب ئىبنى ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يىگىرمە ياش ۋاقتىدا مەككىنى باشقۇرغۇچى قىلىپ تەيىنلىگەن. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ياش ۋاقتىدىلا يەمەنگە ئەۋەتكەن. خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا ئوخشاش بەزى ساھابىلەرنى ئارتۇقچىلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامغا بۇرۇن كىرگەن ساھابىلەردىنمۇ بەكرەك ھۆرمەت قىلغان.

بەزى چاغلاردا ماختاشقا لايىق كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە مەخپىي ھاۋايى - ھەۋەس ياكى يوشۇرۇن ھەسەت بولغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنداقلارنى ماختاشتىن چەكلەيتتى.

بىز ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەزى ئىشلاردا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گەرچە يېشى كىچىك بولسىمۇ ئۇنىڭ پىكرىنى ئالغانلىقىنى، ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرى ئالدىدىمۇ: «ئىبنى ئابباس! سۆزلىگىن، يېشىڭنىڭ كىچىكلىكى سېنى سۆزلەشتىن توسۇپ قالمىسۇن!» دېگەنلىكىنى كۆردۇق.

## رەھبەرلىكتىمۇ، ئادەتتىكى ئەسكەرلىكتىمۇ ئوخشاش ئەمەل قىلىش

ئىخلاسمەنلىكنىڭ ئالامەتلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، ئاللاھقا ئىخلاسمەن كىشى مەيلى رەھبەر بولسۇن ياكى سەپلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدىغان ئادەتتىكى ئەسكەر بولسۇن، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈمىد قىلىنىدىغانلا ئىش بولىدىكەن، ئوخشاشلا ئەمەل قىلىۋېرىدۇ. كۆزگە كۆرۈنۈش، سەپلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇش، رەھبەر بولۇش ۋە رەھبەرلىك مەركىزىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئىنتىلىش ھېسسىياتلىرى ئۇنىڭ

قەلبىنــى ئىلكــگە ئېلىۋالمايــدۇ. بەلكــى، ئــۇ رەھبەرلىكنىڭ مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتلىرىگە سـەل قاراپ قېلىشتىن ئەندىـشە قىلىپ رەھبەر بولۇشتىن ئادەتتىكى ئەسكەر بولۇشنى ئەلا بىلىـدۇ. ھەرقانـداق ئەھۋالــدا رەھبەر بولۇشقا قىزىقمايدۇ ۋە رەھبەرلىككە كـۆز تىكمەيـدۇ. ئەممـا باشـقىلار تەرىپىدىــن رەھبەرلىككــە تەيىنلەنـسە، ۋەزىپىنــى ئۈستىگە ئېلىــپ، مەجبۇرىيىتىنــى جايىدا ئادا قىلىشتا ئاللاھتىــن يـاردەم تىلەيـدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خىلـدىكى كىـشىلەرنى سـۈپەتلەپ: «ئاللاھنىـڭ يولــدا ئېتىنىـڭ چۇلــۋۇرىنى تۇتقـان، چـاچلىرى چۇۋۇلغـان، ئۇستىبېشـى توپىغا مىلەنگەن، جەڭ سېپىگە تىزىلىشقا بۇيرۇلسا جەڭ سېپىدە تۇرىـدىغان، مۇھـاپىزەتچىلىككە قويۇلـسا مۇھـاپىزەتچىلىكتە تۇرىـدىغان بەنـدىگە خۇش مۇبارەك بولسۇن!» دېگەن[1].

ئالــلاھ تائــالا خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رازى بولـسۇنكى، ئـۇ نۇرغـۇن جەڭلــەردە زەپەر قۇچقان قوماندان تۇرۇقلۇق ئەمىرلەشـكەرلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان چاغدا ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا زېـرىكمەي ـ تېـرىكمەي جـەڭ قىلغـان ھەمدە ياخشى مەسـلىھەتچى ۋە ياردەمچى بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئەمەل ـ مەنسەپ تەمە قىلىشتىن چەكلىگەن.

بىر سەھىھ ھەدىسته رىـۋايەت قىلىنىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇرراھمان ئىبنــى سـەمۇرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇغــا: «ئەمەل تەمەسـىدە بولمىغـىن! ئەگەر ئـۆزۈڭ تەلەپ

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

قىلماستىن ۋەزىپىگە قويۇلساق، ياردەم بېرىلىسەن. ناۋادا ئۇنى تەلەپ قىلساق، بارلىق مەسئۇلىيەت ئۆزۈڭگە قالىدۇ» دېگەن[1].

## كىشىلەرنى ئەمەس، ئاللاھنى رازى قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش

ناۋادا بىر ئىش ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان بولسا، كىشىلەرنىڭ مەمنۇنىيىتىگە پەرۋا قىلماسلىق. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى، ئىشلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيەلىرى، پىكىر - تەپەككۇرلىرى، مايىللىقلىرى، غايە - نىشانلىرى ۋە تۇتۇپ ماڭغان يوللىرى بىر - بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، ھەممەيلەننى مەمنۇن قىلىش يەتكىلى بولمايدىغان بىر مەنزىل، ئېرىشكىلى بولمايدىغان غايىدۇر.

بۇ ھەقتە بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

*بارچە ئىنسان ئىچىدە ھەممىنى خۇش قىلالايدۇ كىم؟*
*ھالبۇكى، كۆڭۈللەر ئاراسى يىراقتۇر نەچچە چاقىرىم.*

يەنە بىرى مۇنداق دەيدۇ:

*مەمنۇن بولسىمۇ گەر مەندىن جەمەتىمنىڭ ئېسىللىرى،*
*يەنىلا قاتتىق يىغان بولۇر، ماڭا ئۇنىڭ پەسكەشلىرى.*

شائىرنىڭ بۇ مىسرالىرىدىكى مەقسىتى شۇكى، ئەگەر مەن پەسكەشلەرنى مەمنۇن قىلىمەن دېگەن بولسام، ئەلۋەتتە

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

ئىپسىللارنى غەزەپلەندۈرۈپ قويغان بولاتتىم، دېگەنلىكتۇر.

ئۆزىنى مانا مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرالىغان ھەمدە ئاللاھ بىلەن بولغان شۇئارى مۇنۇ مىسرالاردىكىدەك بولغان كىشى ھەقىقىي ئىخلاسمەندۇر:

*بەلكى سەن شېرىن بىلۇرسەن، ھالبۇكى، ھايات بەكمۇ بەتتامدۇر،*
*بەلكى سەن مەمنۇن بولۇرسەن، ھالبۇكى، ئىنسانلار ئاچچىقىغاندۇر.*
*بەلكى ئىككىمىز ئاراسىدا بىر جاي ئەجەب باراقسان باغى گۈلىستاندۇر،*
*ئەمما مەن ۋە خەلقى ئالەم ئاراسىدا بەلكى ئۇ جاي گويا خارابىي ۋەيراندۇر.*
*ھەقىقىي بولسا گەر دوستلۇقۇڭ، باشقىسى ماڭا بەسى ئاساندۇر،*
*بۇ تۇپراق ئۈستىدە بارچە مەۋجۇدات، ئاخىر يەنە شۇ بىر ئۇچۇم تۇپراقتۇر.*

**مەمنۇنىيەت ۋە غەزىپى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ ئۈچۈن بولۇش**

ئىخلاسمەنلىكنىڭ يەنە بىر ئالامىتى ئىنساننىڭ ياخشى كۆرۈش ۋە يامان كۆرۈشى، بېرىش ـ بەرمەسلىكى، مەمنۇن بولۇش ۋە ئاچچىقلىنىشى پەقەت ئۆزى ۋە ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن بولۇشتۇر. بۇنداق بولغاندا ئىنسان مەنپەئەتپەرەس مۇناپىقلاردىن بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇنداقلارنى ئەيىبلەپ

مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ بەزىسى سېنىڭ سەدىقە (ۋە غەنىيمەت) لەرنى تەقسىم قىلىشىڭنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلارغا ئۇنىڭدىن بېرىلسە خۇش بولۇشىدۇ، بېرىلمىسە خاپا بولۇشىدۇ﴾[1].

چوقۇمكى، سىز دەۋەت مەيدانىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بەزى كىشىلەرنىڭ ناۋادا ئۇز قېرىنداشلىرىدىن بىرەر يامان گەپ ئاڭلاپ قالسا ياكى ئۇنىڭ بىرەر ئىشىدىن رەنجىپ قالسا، ناھايىتى تېزلا ئاچچىقلىنىپ تېرىكىپ كېتىدىغانلىقىنى ھەمدە قىلىۋاتقان دەۋىتىنى تاشلاپ، جىھاد ۋە دەۋەت مەيدانىدىن ئايرىلىدىغانلىقىنى كۆرىسىز.

توغرا نىشان ئۈچۈن قىلىنغان ئىخلاس خاتالاشقۇچىلار قانچىلىك خاتا قىلسۇن، سەل قارىغۇچىلار قانچىلىك سەل قارىسۇن، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر قانچىلىك ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتسۇن، ئىخلاسمەن كىشىنىڭ ئۆز دەۋىتى ئۈستىدە چىڭ تۇرۇشىنى ۋە نىشان تەرەپكە قاراپ سابىت قەدەم بىلەن مېڭىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ نە ئۆزى ئۈچۈن، نە يېقىنلىرى ئۈچۈن ئەمەس ياكى كىشىلەر ئىچىدىكى پالان - پۇستان ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەل قىلىۋاتىدۇ.

ئاللاھ يولىدىكى دەۋەت بىرەر ئادەمگە قاراشلىق ئەمەس، بىرەرسىنىڭ شەخسىي مۈلكى تېخىمۇ ئەمەس. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇ ھەممەيلەننىڭ دەۋىتى. شۇڭا ھەرقانداق مۆمىننىڭ پالانىنىڭ ناچار پوزىتسىيەسى، پۇستانىنىڭ قىلغان يامانلىقى تۈپەيلىدىن دەۋەت مەيدانىدىن ئايرىلىشى توغرا ئەمەس.

---

[1] سۈرە تەۋبە، 58 - ئايەت.

## دەۋەت يولىدا سەۋرچان بولۇش

ئىخلاسمەنلىكنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى شۇكى، دەۋەت يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، نەتىجىنىڭ كەينىگە سوزۇلۇپ كېتىشى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كېچىكىشى، ھېس - تۇيغۇلىرى ۋە مايىللىقلىرى پەرقلىق كىشىلەر بىلەن بىر سەپتە ئەمەل قىلىشنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرى دەۋەتچىنى ھورۇنلۇققا، سۈرەلمىلىك قىلىشقا، بوشاڭلىق قىلىشقا ياكى يولنىڭ يېرىمىدا توختىۋېلىشقا سەۋەب بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ پەقەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى نۇسرەت قازىنىش ئۈچۈنلا ئەمەل قىلمايۋاتىدۇ، ئەكسىچە، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن، ھەرقانداق چاغدا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىۋاتىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمى ئىچىدە 950 يىل دەۋەت قىلىپ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئازغىنا بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقىلار ئىمان ئېيتمىغان. شۇنداقتىمۇ نۇھ ئەلەيھىسسالام خىلمۇخىل ئۇسۇلدا، ئوخشىمىغان شارائىتتا، باشقا - باشقا شەكىلدە دەۋەت ئېلىپ بارغان. ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دەيدۇ: ﴿نۇھ ئېيتتى: پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن قەۋمىمنى كېچە - كۈندۈز (ئىمانغا) دەۋەت قىلدىم. ئۇلارنى سېنىڭ مەغپىرىتىڭگە ئېرىشسۇن دەپ، ھەرقاچان دەۋەت قىلسام، (دەۋىتىمنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن) بارماقلىرىنى قۇلاقلىرىغا تىقىۋېلىشتى. (سۆزۈمنى ئاڭلىماسلىق ياكى مېنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن) كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى چۈمكىۋېلىشتى. (كۇپرىدا) چىڭ تۇردى. چوڭچىلىق قىلىپ

(ئىمان ئېيتىشتىن) تېخىمۇ باش تارتتى﴾[1].

شۇنداقتىمۇ، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى 950 يىل ئۈزلۈكسىز دەۋەت قىلغان. شۇ تەرىقىدە تەخمىنەن 40 ئەۋلاد كىشىلەر ئالماشقان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشتىن يۈز ئۆرۈگەن. ھالبۇكى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلىپ توختىماي دەۋەت قىلغان.

قۇرئان كەرىم بىزگە سۈرە بۇرۇجدا ئاللاھ يولىدا جانلىرىنى تەقدىم قىلغان، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلىنىشقىمۇ بەرداشلىق بەرگەن بىر بۆلەك نەمۇنىلىك مۆمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىدى. ئۇلار ئوتتا كۆيۈۋاتقان ۋاقىتتا كاپىرلار ئۇلارنىڭ باشلىرىدا قاراپ تۇرۇشاتتى، ئەمما ئۇلار ئاللاھ يولىدا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە قىلچە پىسەنت قىلمىدى. بىزنىڭ بۇ دەۋەت ئۈچۈن قۇربان بولۇشىمىزنىڭ نېمە پايدىسى؟ دېمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى شۇ يولدا تەۋرەنمەي تۇرۇش ۋە بارلىقىنى پىدا قىلىش بولۇپ، دەۋەتكە مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىش پەقەت ئاللاھنىڭ ئىشى ئىدى. كىم بىلىدۇ؟ بەلكىم ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئاققان قانلىرى ئۇلاردىن كېيىنكى ئىمان دەرىخىنىڭ ئوزۇقى بولغاندۇ.

ئىخلاسمەن كىشى ئەگەر ئاللاھنى تايانچ قىلىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلسا، شۇ يولدا ئىزچىل تەۋرەنمەي تۇرىدۇ. دەۋەتنىڭ مېۋىسى ۋە نەتىجىسىنى ئاللاھقا قالدۇرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ بېرىدۇ، نەتىجىنىڭ ۋاقتىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ئىخلاسمەن دەۋەتچىنىڭ مەجبۇرىيىتى ئامال بار ياخشى ئۇسۇلنى تاللاپ دەۋەت قىلىش، كۈچىنىڭ يېتىشىچە

[1] سۈرە نۇھ، 5 ــ 7 ـ ئايەتلەر.

تىرىشچانلىق قىلىشتۇر. ئەگەر كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلسە، ئاللاھقا مىڭ قەترە شۈكرى ئېيتىش، ناۋادا دەۋەت يولىدا توسالغۇغا ئۇچراپ قېيىنىلىپ قالسا، «ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ئاخىرەتتە كىشىلەردىن: نېمىشقا نۇسرەت قازىنالمىدىڭلار؟ دەپ سورىمايدۇ، بەلكى ئۇلاردىن: نېمىشقا تىرىشمىدىڭلار؟ دەپ سورايدۇ. ئۇلاردىن: نېمىشقا مۇۋەپپەقىيەت قازانمىدىڭلار؟ دەپ سورىمايدۇ، بەلكى: نېمىشقا ئەمەل قىلمىدىڭلار؟ دەپ سورايدۇ.

## كۆزگە كۆرۈنگەن ھەرقانداق قابىلىيەت ئىگىسىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىش

ئىخلاسمەنلىكنىڭ يەنە بىر ئالامىتى دەۋەت بايرىقىنى كۆتۈرۈش ياكى دەۋەت خىزمىتىگە ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ سېپىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ھەرقانداق قابىلىيەت ئىگىسىدىن خۇشاللىق ھېس قىلىش ھەمدە ئۇنىڭغا توسالغۇ بولماي، قېيىنچىلىقتا قويماي ياكى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلماي ۋە ياكى ئاچچىقى كەلمەي، ئۇنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشتۇر. بەزىدە ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ ناۋادا دەۋەت سېپىدە ئۆزىدىنمۇ ياخشىراق بىرەر ئادەم پەيدا بولسا، ئۇنىڭغا مەمنۇنىيەت بىلەن ئورۇن بوشىتىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئالدىغا چىقىرىپ، ئۆزى بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىش ئارقىلىق بەختىيارلىق ھېس قىلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

شەكسىزكى، بىر قىسىم كىشىلەر (بولۇپمۇ ئەۋۋەلقى سەپلەردە تۇرغانلار) ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا مەھكەم چاپلىشىدۇ. ھەتتا شۇ رەھبەرلىكنى دەپ باشقىلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ. ھېچقاچان رەھبەرلىكتىن ۋاز كەچمەيدۇ. خۇددى ئاسمان تەرەپتىن ياردەم بېرىلىۋاتقاندەك: «بۇ ماڭا ئاللاھ ئاتا قىلغان مەنسەپ، شۇڭا مەن ئۇنى ھەرگىز باشقىلارغا تاشلاپ بەرمەيمەن ياكى بۇ تونىنى ماڭا ئاللاھ كەيدۈرگەن، شۇڭا مەن ئۇنى قەتئىي سېلىۋەتمەيمەن» دەيدۇ. زامان ئاللىبۇرۇن ئۆزگەرگەن، ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ئاللىبۇرۇن ئاجىزلاشقان تۇرۇپمۇ يەنىلا شۇنداق قىلىدۇ. ھالبۇكى، «ھەر ئىشنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئېپى بار» بولغىنىدەك، ھەر دەۋرنىڭ شۇنىڭغا لايىق ئەربابلىرى بار. كېمىنى ھەممىدىن ياخشى ھەيدىيەلەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى قاتتىق بوراندىن قوغداپ قالالايدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا مەھكەم چاپلىشىۋالىدىغان ھەمدە شۇ ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جېنىنى تىكىدىغان ماتروسلار كۆپىنچە ئەيىبكە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئىسلام دەۋەتچىلىرى باشقىلارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچراپ قالىدىغان ۋە باشقىلارنىڭ يامان كۆرۈشىگە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلماسلىقى، باشقىلار ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ پايدا - مەنپەئىتىنى دەستەك قىلغىنىغا ئوخشاش، ئۇلارمۇ دەۋەتنىڭ مەنپەئىتىنى دەستەك قىلىۋالماسلىقى لازىم. چۈنكى، بۇ ئىش شەيتاننىڭ تۇزىقى ۋە شەيتاننىڭ ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلارنىڭ قەلبلىرىگە كىرىدىغان يوللىرىدۇر. بۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنى دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلاپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوبرازىنى، يۈز - ئابرۇيىنى ۋە مال - دۇنياسى ياخشى كۆرۈشىنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

دەۋەت ساھەسىدىكى بىر ياكى بىرقانچە شەخسنىڭ يەر شارىنىڭ توختىماي ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، پەلەكنىڭ داۋاملىق چۆرگىلەپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە دۇنيانىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ھالدا يەر شارى بىلەن تەڭ دەۋر قىلالماي، پەلەك بىلەن تەڭ ئايلىنالماي تۇرۇپ، شۇنداقلا زامان، ماكان ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە ماسلىشالماي تۇرۇپمۇ، يەنىلا باشقىلارغا ئورنىنى بوشىتىپ بەرگىلى ئۇنىمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدە تاشقى دۈشمەنىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ كەتكەن ياكى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلىنىپ كەتكەن ۋە ياكى قىيىنچىلىقلارنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلالماي ۋە يېڭىلىق ھاسىل قىلالماي پىكىر ۋە ئەمەلدە بوشىشىپ يوق بولغان نۇرغۇنلىغان تەشكىلات ۋە ھەرىكەتلەر بار.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئىقتىدارىدىن ئارتۇق مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئارتىۋالىدىغانلارمۇ بار. ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇ ئامانەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئىشتىراك قىلالايدىغان ۋە بۇ مەسئۇلىيەت بىناسىغا تېگىشلىك ھەسسىنى قوشالايدىغان ئۆزىدىن باشقا ياش، قابىلىيەت ئىگىلىرىنىڭ يولىنى توسۇپ قويىدۇ. ناۋادا ئۇلار ياش بولغانلىقتىن تەجرىبىسى كەم بولسا، ئەمەلىي پراكتىكا قىلىش ئارقىلىق تەجرىبىگە ئىگە بولىدۇ، جاپا تارتىش ئارقىلىق پىشىپ يېتىلىدۇ. شەكسىزكى، ئىلىم دېگەن ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ.

### ئەڭ ئۈنۈملۈك ئەمەلنى قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇش

ئىخلاسمەنلىكنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى ئۆزىنى ئەمەس، ھەممىدىن بەك ئاللاھنى رازى قىلىدىغان ئەمەلنى قىلىشقا

ھېرىسمەن بولۇشتۇر. ئىخلاسمەن كىشى گەرچە كۆڭلى تارتمىسمۇ، لەززەتلىنەلمىسمۇ، پايدىسى ئەڭ كۆپ بولغان، تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغان ئەمەللەرنى قىلىشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ.

بەزىدە ئۇ نەپلە روزا تۇتۇش ئارقىلىق ياكى چاشگاھ نامىزى ئوقۇش ئارقىلىق لەززەت ھاسىل قىلىسمۇ، ناۋادا مۇشۇ ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ ئۇتتۇرىسىنى ئىسلاھ قىلالىسا، شۇنى قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە نەپلە روزا، نەپلە ناماز ۋە نەپلە سەدىقىلەرنىڭ دەرىجىسىدىنمۇ ئارتۇقراق بىر ئەمەلنى دەپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ باشقىلارنىڭ ئۇتتۇرىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇشتۇر. شەكسىزكى، باشقىلارنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش دىننى يوق قىلىۋېتىدۇ»[1].

بەلكىم، بىرەيلەن ھەر يىلى رامىزاندا ئۆمرە قىلىش، ھەر ھەج مەۋسۇمىدا ھەج قىلىش ئارقىلىق مەنىۋى مەنپەئەت ۋە روھىي لەززەت ھېس قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇنىڭغا: «سىز شۇ ھەج ۋە ئۆمرىگە خەجلەيدىغان پۇلىڭىزنى پەلەستىندە، بوسنىيەدە ۋە كەشمىردە ھالاكەت گىرداۋىغا بېرىپ قېلىۋاتقان قېرىنداشلىرىڭىزغا سەرپ قىلىڭ» دېيىلسە، ئۇنىڭغا ئۇنىمايدۇ. ئىمام غەززالىي بۇ ئىشنى «مەغرۇرلۇق كېسىلى» دەپ قارىغان[2].

ئەينى چاغدا باي بىر دۆلەتتىن چىققان ساخاۋەتچىلەردىن بىرى مەسچىت سېلىش ئۈچۈن ئافرىقىغا بارغان. شۇ يۇرتلۇق بىر بۆلەك ئەقىلدارلار ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ئاھالىسى زىچ ئولتۇراقلاشقان، يىقىلىپ كېتەي دەپ قالغان بىر قانچە كونا

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

[2] يۇسۇف قەرەداۋىنىڭ: «فىقھۇل ئەۋلەۋىييات» ناملىق كىتابى، 16 ـ 19 ـ، 136 ـ 137 ـ، 248 ـ 249 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

مەسچىتنى رېمونت قىلدۇرۇپ بېرىشنى، مەزكۇر جايدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئۇ ئىشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى ھەمدە يېڭى بىر مەسچىت سالدۇرغان مەبلەغكە ئۇنىلغان كونا مەسچىتنى رېمونت قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، مەزكۇر باي يەنىلا ئۆزىنىڭ «مۇبارەك ئىسمى» يېزىلغان يېڭى بىر مەسچىت سالدۇرمىسا زادى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغان.

## ئۆزگە تەمەننا قويۇش ئاپىتىدىن ساقلىنىش

ئەمەلنى تامامى بولغاندىن كېيىن ئۆزگە تەمەننا قويۇش، ئۆزگە ئىشنىش ۋە مەغرۇرلىنىش ئارقىلىق قىلغان ئەمەلنى بىكار قىلىۋەتمەسلىك ئىخلاسمەنلىكنىڭ مۇكەممەللىكىدۇر. بۇنداق ئىشلار ئەمەل قىلغۇچىنى قىلغان ئەمەلگە يەتكۈزگەن دەخلىلەردىن ۋە ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ قويغان خىلمۇخىل غەرەزلەرنى كۆرۈشتىن كور قىلىپ قويىدۇ. مۆمىننىڭ ئىشى بولسا ئەمەلنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىلغان ئەمەلىنى كەمچىل قىلىپ قويغان ياكى بىلىپ - بىلمەي قىلغان ئەمەلگە دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇپ، شۇ سەۋەبلىك ئەمەلىنىڭ مەقبۇل بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (ئەمەلىنى) قوبۇل قىلىدۇ﴾[1].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مەنسۇپ قىلىنغان سۆزلەر ئىچىدە مۇنداق بىر جۈملە بار: «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سېنى قايغۇغا تاشلايدىغان يامانلىق ساڭا تەمەننا پەيدا قىلىدىغان

[1] سۈرە مائىدە، 27 - ئايەت.

ياخشىلىقتىن كۆپ ياخشىدۇر».

ئىبنى ئاتائۇللاھ سەكەندەرىي «ھېكمەتلەر» ناملىق كىتابىدا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ساڭا تائەت ـ ئىبادەت ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەن بولسىمۇ، قوبۇل ئىشىكىنى ئېچىۋەتكىنى يوق. ئاللاھ ساڭا گۇناھ ـ مەسىيەتنى تەقدىر قىلغان بولسا، سەن شۇ ئارقىلىق تەۋبە قىلىپ ئاللاھقا ئۇلىشىۋېلىشىڭ مۇمكىن. ساڭا خارلىق ۋە موھتاجلىق ئېلىپ كەلگەن گۇناھ ـ مەسىيەت سەندە تەمەننا ۋە تەكەببۇرلۇق پەيدا قىلغان تائەت ـ ئىبادەتتىن كۆپ ياخشىدۇر».

شۇ ۋەجىدىن، قىلغان ئەمەلىنىڭ بىكار بولۇپ، ساۋابى يوق بولۇپ كېتىش خەۋپى بولغاچقا، قۇرئان كەرىمدە باشقىلارغا بەرگەن سەدىقىنىڭ كەينىدىن مىننەت قىلىش ۋە سەدىقە ئالغۇچىغا ئازار بېرىش قاتتىق چەكلەنگەن.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ياخشى سۆز ۋە ئەپۇچانلىق كېيىن مىننەت قىلىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەلدۇر. ئاللاھ (بەندىلەرنىڭ سەدىقىسىدىن) بىھاجەتتۇر. ھەلىمدۇر (يەنى بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ). ئى مۆمىنلەر! پۇل ـ مېلىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرمەيدىغان كىشى (نىڭ قىلغان ئەمىلىنى بىكار قىلىۋەتكىنىگە) ئوخشاش، بەرگەن سەدىقەڭلارنى مىننەت قىلىش ۋە ئەزىيەت يەتكۈزۈش بىلەن بىكار قىلىۋەتمەڭلار. بۇنداق (پۇل ـ مېلىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان) ئادەم خۇددى ئۈستىگە توپا ـ چاڭ قونۇپ قالغان، قاتتىق يامغۇردىن كېيىن (يۇيۇلۇپ) بۇرۇنقىدەك بولۇپ قالغان سىلىق تاشقا

ئوخشايدۇ. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزگە تەمەننا قىلىشتىن چەكلەپ، بۇ ئىشنى ئىنساننى ھالاك قىلغۇچى ئامىللاردىن دەپ كۆرسەتكەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: «ئىنساننى ھالاك قىلىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئىش بار، يەنە ئىنساننى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئىش بار. ئىنساننى ھالاك قىلىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئىش: چەكتىن ئاشقان بېخىللىق، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىش ۋە ئۆزگە تەمەننا قويۇشتۇر»[2].

قۇرئان كەرىم بىزگە ھۆنەين غازىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بەردى. ئەينى چاغدا بەدرى غازىتىدا ئۇلارنىڭ سانى ئاز، ئاجىز بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا نۇسرەت ئاتا قىلغان. خەندەك غازىتىدا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈرەكلىرى بوغۇزلىرىغا قاپلىشىپ قالغان ھەمدە ئاللاھ ھەققىدە ھەرخىل بولمىغۇر خىياللاردا بولۇشقان ۋە ئاللاھنىڭ ياردىمىگە بولغان ئىشەنچىسى قاتتىق تەۋرىنىشكە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئاللاھ يەنە ئۇلارغا نۇسرەت ئاتا قىلغان. ئۇندىن باشقا يەنە خەيبەر غازىتى ۋە مەككە پەتھىسىدىمۇ ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بەرگەن. لېكىن ھۆنەين غازىتىدا ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى ئۇلارنى مەغرۇرلاندۇرۇپ قويغان. ئەمما ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى قىلچە ئەسقاتمىغان. ئاخىر ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلغان. ياردەمنىڭ پەقەت ئاللاھ تەرەپتىنلا كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۆنەين

[1] سۈرە بەقەرە، 263ــ264 - ئايەتلەر.

[2] تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان.

كۈنىدە (يەنى ھۆنەيىن جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇب بولمايمىز دېدىڭلار. بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى). سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورققىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇب بولۇپ، رەسۇلۇللاھنى ئازغىنا مۆمىنلەر بىلەن تاشلاپ قويۇپ) ئارقاڭلارغا قاچتىڭلار. ئاندىن ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى﴾[1].

پاراسەتلىك مۆمىن بارلىق ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، ياردەمنىڭ پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىنلا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىدىغان كىشىدۇر: ﴿ياردەم پەقەت ھەممىدىن غالىب، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى ئاللاھ تەرەپتىنلا كېلىدۇ﴾[2]. ئىززەت پەقەت ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىلا بولىدۇ: ﴿كىمكى ئىززەتكە ئېرىشىشنى كۆزلەيدىكەن، بارچە ئىززەت پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپتۇر﴾[3]. ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق بولۇش ئاللاھنىڭ پەزلىدۇر: ﴿مېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىم پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدۇ﴾[4]. ھىدايەت پەقەت ئاللاھتىن بولىدۇ: ﴿ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلىدىكەن، ئۇ كىشى توغرا يول تاپىدۇ. ئاللاھ كىمنى ئازدۇرىدىكەن، ئۇ ھەرگىزمۇ توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى ئىگە تاپالمايدۇ﴾[5].

---

[1] سۈرە تەۋبە، 25ـــ26 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 126 ـ ئايەت.

[3] سۈرە فاتىر، 10 ـ ئايەت.

[4] سۈرە ھۇد، 88 ـ ئايەت.

[5] سۈرە كەھف، 12 ـ ئايەت.

## ئۆزىنى ئاقلاشتىن ھەزەر ئەيلەش

قۇرئان كەرىم ئۆزىنى ماختاپ ئۇچۇرۇش مەقسىتىدە ئۆزىنى ئاقلاشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنىداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ سىلەرنى زېمىندىن ياراتقان چاغدىكى (ۋاقىتلاردىن تارتىپ)، ئاناڭلارنىڭ قورساقلىرىدىكى تۆرەلمە ھالىتىڭلاردىن تارتىپ ئوبدان بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئۆزۈڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار. ئاللاھ تەقۋادار بولغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾[1].

ئۆزلىرىنى گۇناھسىز دەپ قارايدىغان يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۆزلىرىنى پاك دەپ قارايدىغانلارنى (يەنى ئۆزلىرىنى گۇناھسىز دەپ مەدھىيەلەيدىغان يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنى) كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس). ئاللاھ خالىغان بەندىسىنى پاك قىلىدۇ. ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾[2].

قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلارنى بۇنداق تەنقىد قىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى خۇددى قۇرئان كەرىم ئۇلار ھەققىدە ئېنىقلىما بېرىپ ئېيتقاندەك: ﴿بىز ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە دوستلىرىمىز﴾[3] دېيىشەتتى. ئاندىن ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇنداق ئەمەس (يەنى سىلەر ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە دوستلىرى ئەمەس). سىلەر باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئاللاھ ياراتقان ئىنسانسىلەر. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنى ئازابلايدۇ. ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى

---

[1] سۈرە نەجم، 32 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسائ، 49 ـ ئايەت.

[3] سۈرە مائىدە، 18 ـ ئايەت.

بارلىق نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر. ئاخىر بارىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر﴾[1].

ياخشى ئەمەل قىلغان كىشىنىڭ ئەمەللىرىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن قىلغان ئەمىلىنى باشقىلارغا دەپ يۈرۈشى توغرا ئەمەس. لېكىن ئاللاھ بەرگەن نېمەتنى سۆزلەپ بېرىش يۈزىسىدىن دېيىشكە بولىدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەرگەن نېمىتىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگىن﴾[2]. ياكى باشقىلارنى شۇ ياخشى ئەمەلگە قىزىقتۇرۇپ، باشقىلارنىڭمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ قىلىشى ئۈچۈن دېيىشكە بولىدۇ: «كىمكى بىر ياخشى ئىشنى قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇ كىشىگە شۇ ياخشىلىقنى قالدۇرغانلىقنىڭ ئەجرى ۋە شۇ ئەمەلنى قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەستىن ئۇ كىشىگىمۇ شۇلارنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ»[3]. ياكى پاك تۇرۇپ چاپلىنىپ قالغان بوھتاننىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن دېيىشكە، ياكى ئۇنىڭدىن باشقا زۆرۈر بولغان مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئىش يەنە ئاللاھنى تونۇشتا روھىيىتى كۈچلۈك بولغان، ئاللاھتىن باشقىغا پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىغان، ئۆزىگە تەمەننا قىلىش ۋە رىيا قىلىشتىن ساقلىنىشتا ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالايدىغان، مەقسىتى باشقىلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇش ياكى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە مەرتىۋىگە ئېرىشىش بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈنمۇ دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن بۇنداق خىياللاردىن ساقلىنالايدىغانلار ئىنتايىن ئاز.

مۇسۇلمان ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە تەمەننا قىلىشتىن، پەقەت ئۆزىنىلا نىجاتلىققا ئېرىشكۈچى،

---

[1] سۈرە مائىدە، 18 ـ ئايەت.

[2] سۈرە زۇھا، 11 ـ ئايەت.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

باشقىلارنى زىيان تارتقۇچى دەپ قاراشتىن، ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ تەرەپدارلىرىنى نىجاتلىققا ئېرىشكۈچى گۇرۇھ، باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك بولغۇچىلار دەپ قاراشتىن ياكى ئۆزلىرىنىلا ياردەم بېرىلىدىغان گۇرۇھ، باشقىلارنى ياردەمسىز قالىدىغانلار دەپ قاراشتىن ساقلىنىشى لازىم. شەكسىزكى، ئۆزىگە بۇنداق قاراش ئىنساننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان مەنمەنچىلىكتۇر. مۇسۇلمانلارغا بۇنداق قاراش لەنەتكەردە پەسكەشلىكتۇر.

سەھىھ بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمانلار تۈگەشتى دېسە، ئەنە شۇ كىشى ھەممىدىن بەكرەك تۈگەشكەن كىشىدۇر»[1].

ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دېگەن: «بۇ چەكلىمە ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، باشقىلارنى كەمسىتىپ، چوڭچىلىق قىلىپ شۇنداق گەپلەرنى قىلغان كىشىلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، بۇنداق دېيىش شەرىئەتتە ھارامدۇر. ئەمما باشقا كىشىلەرنىڭ دىن ئىشىدا بىرەر كەمچىلىكىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا قايغۇرۇش يۈزىسىدىن شۇنداق دېگەن بولسا، ھېچقىسى يوق. ئۆلىمالار بۇ ھەدىسنى شۇنداق شەرھلىگەن ۋە بۇ ھەقتە تەپسىلاتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇشۇنداق شەرھلىگەن مۇجتەھىد ئىماملار ئىچىدە: ئىمام مالىك، خەتتابىي، ھۇمەيدىي ۋە باشقىلارمۇ بار»[2].

يەنە بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «بىراۋنىڭ باشقا بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كەمسىتىشى ئۇنىڭ ناچارلىقىغا

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام نەۋەۋى: «رىيازۇس سالىھىين»، 603 ـ بەت، مۇئەسسەسەتۇررىسالە باسمىسى.

يېتەرلىكتۇر»[1]. بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلماسلىق، بىر ـ بىرىنى ياردەمسىز تاشلاپ قويماسلىق، بىر ـ بىرىنى كەمسىتمەسلىك بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ئىككىلىسى بىر ئاتىنىڭ پۇشتى تۇرسا، بىر ئىنسان ئۆز قېرىندىشىنى قانداقمۇ كەمسىتسۇن؟!

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئالتىنچى بۆلۈم

# يوشۇرۇن ـ ئاشكارا ئىتائەت ۋە ئىتائەتسىزلىك

## يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىتائەت

ئاللاھقا يۈزلەنگەن مۆمىن بەندە ئاللاھنىڭ ئاڭلىشى ۋە كۆرۈشى بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، تائەت ـ ئىبادەتلەرنى ئامال بار مەخپىي قىلىشقا، ياخشى ئەمەللىرىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ۋە ئاڭلاپ قېلىشىدىن يوشۇرۇشقا تىرىشىشى لازىم. چۈنكى، مەخلۇقلار ئۇنىڭغا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ساۋابى مەخلۇقلارنىڭ رازىلىقى ۋە مەدھىيەسىنىڭ نىھايەت ئۈستىدىدۇر.

بۇ مەخپىيەتلىك نەپلە ئەمەللەرگە نىسبەتەن شۇنداق. ئەمما پەرز ئىبادەتلەر ۋە دىنىنىڭ ئاساسلىق رۇكنىلىرىغا كەلسەك، ئىسلامنىڭ شوئارلىرىنى ئۇلۇغلاش، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلىش كۈچىنى نامايان قىلىش، مۇسۇلماننى ئاللاھ پەرز قىلىپ بېكىتكەن ئەمەللەرنى زايە قىلىۋەتتى دېگەن گۇمان بىلەن تۆھمەت چاپلىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، باشقىلارنىڭ ئۇنى ئۈلگە قىلىپ شۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بۇنداق ئەمەللەرنى ئاشكارا قىلىش زۆرۈر. چۈنكى، ياخشىلىق ياخشىلىققا قىزىقتۇرىدۇ، ياخشى ئەمەل ياخشى ئەمەلگە چاقىرىدۇ.

پەرز ئەمەللەردىكى پىرىنسىپ ئاشكارىلاش ۋە ئېلان قىلىشتۇر. ئەمما نەپلە ئەمەللەردىكى پىرىنسىپ مەخپىي قىلىش ۋە يوشۇرۇشتۇر.

شۇنداقتىمۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچى مۇسۇلماننىڭ قىلغان ئەمىلىنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق باشقىلارغا كۆرسىتىش مەقسىتى بولمىغان ھالدا قىلغان نەپلە ئەمەللىرى باشقىلارغا ئاشكارىلىنىپ قېلىشى، ئاندىن ئىنسان ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئىنسان ئۆزىگە كەلگەن ھەرقانداق ياخشىلىقتىن خۇرسەن بولىدۇ.

1. ناۋادا بۇ ئىنسان ئاللاھنىڭ يامانلىقلىرىنى يوشۇرۇپ، ياخشىلىقلىرىنى ئاشكارىلاش بىلەن بىرگە تائەت - ئىبادەتلەرنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغان نېمىتى ۋە مەرھەمىتىگە شۈكرى ئېيتىش يۈزىسىدىن خۇرسەن بولغان بولسا، بۇ خۇرسەنلىك ماختاشقا ئەرزىيدىغان ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن. بۇ ئۇلارنىڭ يىغقان (مال - دۇنيالىرىدىن) ياخشىدۇر﴾[1] دەيدۇ.

سالىھلار ئېيتقان زىكرىدە مۇنداق كەلگەن: «ياخشىسىنى ئاشكارا قىلىپ، يامىنىنى ياپقان زاتنى بارچە ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن».

2. ئاللاھتىن مۇشۇ دۇنيادا يامانلىقلىرىنى يوشۇرۇپ، ياخشىلىقلىرىنى ئاشكارا قىلغىنىدەك، ئاخىرەتتىمۇ شۇنداق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىش يۈزىسىدىن خۇرسەن بولسا، بۇ خۇرسەنلىكمۇ مەدھىيەلىنىدۇ. بىر ئەسەردە مۇنداق كەلگەن:

[1] سۈرە يۇنۇس، 58 - ئايەت.

«ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا بەندىسىنىڭ يامانلىقلىرىنى يوشۇرغان ئىكەن، ئاخىرەتتىمۇ يوشۇرىدۇ».

بۇنىڭدىكى تۈنجى خۇشاللىق كەلگۈسىنى ئويلىماستىن، ئەملىنىڭ مۇشۇ دۇنيادىلا قوبۇل بولغانلىقىغا قارىتا بولغان خۇشاللىق بولسا، ئىككىنچى قېتىمقىسى ئاقىۋەتتە ياخشىلىققا ئېرىشكەنلىكىگە قارىتا بولغان بولىدۇ[1].

3. مۆمىننىڭ خۇرسەنلىكى تائەت - ئىبادەتنىڭ باشقىلارغا ئاشكارا بولغانلىقىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق ئەمەل قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، باشقىلار ئۇنى ئۈلگە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ياخشىلار كۆپىيىدۇ، ئاللاھقا تائەت - ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ سانى ئاشىدۇ، ياخشىلىقلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ دائىرىسى كېڭىيىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئەجىر - مۇكاپات نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ.

4. مۆمىننىڭ خۇرسەنلىكى بەلكىم ئۇنىڭ ئەملىدىن خەۋەر تاپقۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن، ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ، مەدھىيىلەيدىغانلىقىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئارقىلىق ئۇلارمۇ ساۋابقا ئېرىشىدۇ ۋە ئىمان تۇتقىلىرىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەمراقىغا ئېسىلغان بولىدۇ. بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىمان تۇتقىلىرىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەمراقى ئاللاھنى دەپ ياخشى كۆرۈش ۋە ئاللاھنى دەپ يامان كۆرۈشتۇر»[2]. ئەنەس رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۈچ تۈرلۈك خىسلەت بار

[1] مولla ئەلى قارىينىڭ: «ئەينۇل ئىلىم ۋە زەينۇل ھىلىم» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.

[2] ئىمام ئەھمەد، تەيالىسي، تەبەراني ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

بولـۇپ، ئاشـۇ ئۈچ تۈرلۈك خىسـلەتكە ئىگـە بولغـان كىشـى ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالايدۇ: بىرىنچىسى، ئۇنىڭغا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن سۆيۈملۈكرەك بولسا، ئىككىنچىسـى، بىـر ئىنسانىنى ياخشى كۆرۈشتە پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا ياخشى كۆرگەن بولسا...»[1].

بۇ دەۋانىڭ (يەنى كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەنلىكى تۈپەيلىدىن ساۋابقا ئېرىشكەنلىكى سەۋەبلىك خۇرسەن بولغانلىق ياكى ئۇلارنىڭ ئەمەلدە شۇ كىشىنى ئۈلگە قىلغانلىقىغا خۇرسەن بولغانلىق دەۋاسىنىڭ) راستلىقى، باشقىلار مەيلى ئۇنى مەدھىيەلىسۇن ياكى سالىھلاردىن باشقا بىرىنى مەدھىيەلىسۇن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بەربىر بولغان چاغدا ئاشكارا بولىدۇ.

5. ياخشى ئەمەلنى ئاشكارىلىغانلىق سەۋەبلىك مەدھىيە ـ لەشتىكى مەقسەتنىڭ بىرى باشقىلارنىمۇ ياخشى ئەمەل قىلىشقا قىزىقتۇرۇش ۋە باشقىلارنىڭ شۇنى ئۈلگە قىلىپ تۇرۇپ توغرا يول تېپىۋېلىشى ئۈچۈن ياخشى بىر ئىشنى يولغا قويۇشتۇر. بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى بىرەر ياخشى ئىشنى يولغا قويۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشىگە شۇ ياخشى ئىشنىڭ ئەجرى ھەمدە تا قىيامەتكە قەدەر شۇ ئىشنى قىلغانلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەستىن ئۇ كىشىگىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ».

پەيغەمبەرلەر تائەت ـ ئىبادەتلەرنى ئاشكارا قىلىشقا بۇيرۇلغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەگەشكۈچىلىرىگە ئۈلگە قىلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدە سىلەرگە ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

قىلىدىغان ھەمدە ئاللاھنى كۆپ ئەسلەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل نەمۇنە بار﴾[1].

ئۆلىمالار، دەۋەتچىلەر ۋە سالىھلار ئىچىدىن پەيغەمبەرلەرگە ئورۇنباسار بولغان كىشىلەر پەيغەمبەرلەرنىڭ مىسالى بولۇپ، ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئۈلگە قىلىنىشقا لايىق كىشىلەردۇر.

ھەسەن بەسرىي مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار مەخپىي قىلغان ئەمەلنىڭ ئاشكارا قىلغان ئەمەلدىن تولىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى ھەقىقەتەن تونۇپ يەتتى. لېكىن ئاشكارا قىلغان ئەمەلنىڭمۇ بەزىدە پايدىسى بولۇپ قالىدۇ».

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مەخپىي ۋە ئاشكارا ھەرئىككىلىسىنى مەدھىيەلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئەگەر سەدىقىلەرنى ئاشكارا قىلساڭلار، ئاشكارا قىلغان سەدىقە نېمىدېگەن ياخشى! ئەگەر ئۇنى مەخپىي بەرسەڭلار، يوقسۇللارغا بەرسەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر﴾[2].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ماللىرىنى كېچە ـ كۈندۈز (يەنى ھەممە ۋاقىت) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا (ياخشىلىق يوللىرىغا) چىقىم قىلىدىغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴾[3].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتكە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن بىر تەڭگىنى كېچىدە، بىر تەڭگىنى كۈندۈزدە، بىر تەڭگىنى مەخپىي، يەنە بىر تەڭگىنى ئاشكارا سەدىقە قىلغىن».

[1] سۈرە ئەھزاب، 21 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە، 271 ـ ئايەت.
[3] سۈرە بەقەرە، 274 ـ ئايەت.

گەرچە سەدىقىنى مەخپىي قىلىش ياخشى بولسىمۇ، ئىنسان مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ھەر ۋاقىت ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلغان بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىنسان رىيادىن، كىشىلەرنىڭ ماختىشى بىلەن پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ قالسا ياكى مەخپىي قىلىش ئارقىلىق يوقسۇللارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاپ قالىدىغان ئىش بولسا، بولۇپمۇ سەدىقە قىلىنىغان يوقسۇللار قۇرئان كەرىم: ﴿ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ﴾[1] دەپ سۈپەتلىگەن، باشقىلار ئەھۋالىنى ئۇقمايدىغان ئىپپەتلىك كىشىلەردىن بولسا، سەدىقىنى مەخپىي قىلىش ئاشكارا قىلغاندىن ياخشىدۇر.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «يەتتە تۈرلۈك كىشىگە ئاللاھ تائالا ئۆز سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە يوق كۈندە سايە بېرىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ ساناپ بەردى. ئۇلارنىڭ بىرسى: «ئوڭ قولىدا بەرگەن سەدىقىنى سول قولى سەزمىگىدەك دەرىجىدە مەخپىي بەرگەن كىشىدۇر»[2].

بۇ بولسا ئەڭ ئالىي ماقامدۇر. ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەن سەۋەبلەر ئىچىدىن بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن سەدىقىنى ئاشكارا قىلسا ياكى ياخشى ئەمەلنى ئاشكارا قىلسا ھېچ ۋەقەسى يوق. ئەمما قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە

[1] سۈرە بەقەرە، 273 - ئايەت.
[2] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

نەپــسننىڭ ئارىلىشىشىلىشىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى ۋە نەپسىنىڭ ئالداپ كېتىشىدىن پەخەس بولۇشى لازىــم. چۈنكى، نەپــس دېــگەن يامانلىققــا كــۆپ بۇيرۇيــدىغان ئالــدامچى نەرســىدۇر. مۇسۇلمان كىشى ئىمكانىقەدەر رىيادىن ساقلىنىشى لازىـم. بەلكـم رىيا ئىنتايىــن بــەك مەخپىــي بولۇشــى، ئىنســان ســەزمەيلا ئەمەللــرىگە رىيــا ئارىلىشىپ قېلىپ، ئۆزىنى ياخشى ئىش قىلـدىم دەپ ئويلاپ قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولـۇپ كېتىـشى مۇمكىن. ئىنسان ئەمەل قىلغان چاغدا چوقـۇم ئالـلاھ تائـالادىن ياردەم تەلەپ قىلىشى، ئەمەلنى ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ تـۇرۇپ قىلـدىم دېـگەن ئىدىيەدە بولۇشتىن يىراق تۇرۇشى، ياخشى ئەمەللەرنـى قىلىـشتا ئالاھنىـڭ كـۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىشىغا تايىنىشى لازىم. ھەدىستە مۇنداق دۇئا زىكرى قىلىنغان: «ئـى ئالــلاھ! شەكسىزكى، بىز ساڭا سـىغىنىپ تۇرۇپ، ئۆزىمــز بىلىدىغان نەرسىنى ساڭا شېرىك كەلتۈرۈپ قويۇشتىن پانـاھ تىلەيمىز، بىلمەيـدىغان گۇنـاھلىرىمىز ئۈچۈن سـەندىن كەچۈرۈم سـورايمىز»[1].

## گۇناھلارنى يوشۇرۇش

شەرىئەت تائەت ـ ئىبادەتلەرنى، بولۇپمۇ پەرز ئەمەللەرنـى، شـۇنىڭدەك بەزى چـاغلاردا بىـز يۇقــرىـدا سـۆزلەپ ئۆتكەن نىشانلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن نەپلى ئەمەللەرنىمۇ ئاشكارا قىلىــشقا رۇخـــسەت قىلغـــان. ئەممـــا گۇنـــاھ ـ مەسىيەتلەرنى ئاشكارىلاشــقا، باشقىلارغا ئېــلان قىلىشقا رۇخسەت قىلمىغــان. بەلكى بىرۋادىــن گۇنــاھ ـ مەســيەت يۈز بېرىــپ قالغان

[1] ئىلگىرى نەقىل مەنبەسى كۆرسىتىلگەن.

تەقدىردە، كىشىلەرگە كۆز - كۆز قىلىش، باشقىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ۋە ئەسلىي قىياپىتىدىن باشقا، ياسالما قىياپەتتە كۆرۈنۈش مەقسىتىدە بولماي ئۇنى مەخپىي تۇتۇشقا بۇيرۇغان.

بەلكى گۇناھ - مەسىيەتلەرنى باشقىلاردىن يوشۇرۇش ۋە باشقىلارنىڭ ئۇز ئەيىبلىرىنى بىلىپ قېلىشىنى يامان كۆرۈش مۇنداق بىر قانچە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەدھىيەلىنىدۇ:

بىرىنچىدىن، بىز ناۋادا ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان ئىشلارغا مۇپتىلا بولۇپ قالساق، ئاللاھ تائالانىڭ يېپىشى بىلەن ئەيىبىمىزنى يوشۇرۇشقا ۋە ئۆزىمىزنى رەسۋا قىلماسلىققا بۇيرۇلدۇق. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھ تائالا چەكلىگەن بۇ پەس ئىشلاردىن يىراق تۇرۇڭلار. كىمكى ئۇ ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلىپ سالسا، ئاللاھ تائالانىڭ پەردىسى ئىچىگە يوشۇرۇنسۇن (يەنى ئاللاھ تائالا ئۇنى ئاشكارىلىماي ياپقان ئىكەن، ئۇ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ يۈرمىسۇن)»[1].

مۇشۇ سەۋەبتىن، خۇددى ئىنسانىنىڭ ئۆز مەسىيەتلىرىنى ئاشكارىلىشى يامان كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش، باشقىلارنىڭ مەسىيەتلىرىنى ئاشكارىلىشىمۇ يامان كۆرۈلىدۇ. سەھھ بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ئۆز قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگىچە مۆمىن بولالمايدۇ». بۇ ئۆزى ئۈچۈن يامان كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ يامان كۆرۈش دېگەنلىكتۇر.

ئىككىنچىدىن، گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بىلەن روھىي جە-

[1] ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ھەتتىن تېخىمۇ چوشكۈنلىشىپ، گۇناھ ـ مەسىيەتكە تېخىمۇ جۈرئەتلىك بولۇپ كېتىشتىن ئەنسىرىگەنلىك تۈپەيلىدىن گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى يوشۇرۇشقا بۇيرۇلغان. چۈنكى، نەپس دېگەن ناۋادا گۇناھ ـ مەسىيەتلىرى ئاشكارا بولۇپ كۆنۈپ كەتسە، تېخىمۇ گۇناھقا پاتىدۇ ـ دە، ئىنسان ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ گۇناھلاردىن ساقلانمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بۇ دۇنيادا ئەيىبەشىرىسىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن بۇنچىۋالا ئەنسىرەشنىڭ كەينىدە ئاخىرەتتىكى ئەنسىرەشمۇ بولىدۇ. ئاخىرەتتىكى ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئىنساننى تېخىمۇ خار قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سالىھلار مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئاللاھ! بىزنى بۇ دۇنيادا ياپقىنىڭدەك ئاخىرەتتىمۇ ياپقىن! پۈتكۈل خالايىق ئالدىدا، ھەممەيلەن ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئالدىڭدا تۇرىدىغان كۈندە بىزنى رەسۋا قىلمىغىن!».

ئۈچىنچىدىن، باشقىلارمۇ دوراپ، يەر يۈزىدە ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلار يامراپ كېتىپ، كىشىلەرنىڭ گۇناھ ـ مەسىيەتكە تېخىمۇ جۈرئەتلىك بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈندۇر. ئاسىي بىر بەندىگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ مەسىيەت پاتقىقىغا پاتقىنى يېتەرلىك. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىنى باشقىلارغا ئاشكارىلاپ، جەمئىيەتكە تارقىتىپ يۈرۈشىنىڭ ئورنىغا، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ مەغپىرەت تىلىشى لازىم. چۈنكى، گۇناھ دېگەن خۇددى تەمرەتكە ساق يەرگىمۇ يۇققاندەك باشقىلارغىمۇ يۇقىدۇ. خۇددى كۆرۈك باسقۇچى يېنىدىكى ئادەمگە ئەزىيەت بەرگەنگە ئوخشاش باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىدۇ. ئۇ ئۆزى غەرق بولغانىكەن، باشقىلارنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە غەرق قىلىۋېتىشى تېخىمۇ گۇناھقا پاتقانلىق بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاسىي بەندە ھەتتا بالا ـ چاقىلىرى ۋە خىزمەتكارلىرىغا ئوخشاش ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىنمۇ گۇناھلىرىنى يوشۇرۇشى لازىم. نىھايەت ئۆلارمۇ ئۇنى ئۆلگە قىلىۋالمىغاي!

تۆتىنچىدىن، ئاللاھتىن گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىش ئۈمىدىدە بولۇش، قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى ئاشكارىلاپ باشقىلارغا كۆرەڭلەيدىغان، ھالاكەتلىك ئىشلىرىدىن پەخىرلىنىدىغان گۇناھكارلار قاتارىغا كىرىپ قالماسلىق ئۈچۈندۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان سەھىھ بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە قىلغان گۇناھلىرىنى جار سېلىپ يۈرىدىغانلاردىن باشقا بارلىق كىشلەر كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ كېچىدە بىرەر يامان ئىشنى قىلىپ، ئاندىن تاڭ ئاتقان چاغدا ئاللاھ ئۇنى يوشۇرۇپ تۇرسىمۇ: ھەي پالانچى! مەن كېچىدىن مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىلدىم دېيىشى ھەقىقەتەن ئۇياتسىزلىقتۇر. بۇنداق ئادەم پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ ئەيىبىنى يابقان ھالەتتە كېچىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئاللاھ يابقان پەردىنى يىرتىۋەتكەن ئادەمدۇر»[1].

بەشىنچىدىن، ئۇياتچانلىقى ۋە تەبىئىتىنىڭ ساغلاملىقى گۇناھ ـ مەسىيەتلىرىنى ئاشكارىلاشتىن توسالايدىغان ھايالىق كىشلەردىن بولۇش ئۈچۈندۇر. سەھىھۇل بۇخارىي ۋە سەھىھ مۇسلىمدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېرىندىشىغا ھايا توغرىسىدا نەسىھەت قىلىۋاتقان ئەنسارىي بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

ئۇنىڭغا: «بولدى قىل! ھايا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەن[1].

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىمان ئاتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ، ھايا ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر»[2].

يەنە ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھايا دېگەن پەقەت ياخشىلىقلا ئېلىپ كېلىدۇ»[3].

ئالتىنچىدىن، ئىنسانلار ئاللاھنىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرى بولغاچقا، بارچە كىشىلەر ياخشى دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغانلارنىڭ قاتارىغا كىرىش ئۈچۈندۇر. خەلق ئارىسىدا مۇشۇ مەنىدە «مەخلۇقلارنىڭ تىللىرى ھەق تائالانىڭ قەلەملىرىدۇر» دەيدىغان گەپ بار. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى يېنىدىن بىر جىنازا ئۆتكەندە، ساھابىلەر ئۇ جىنازىدىكى كىشىنى ماختاشقان. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «ۋاجىپ بولدى» دېگەن. يەنە بىر جىنازا ئۆتكەندە، ساھابىلەر ئۇ كىشىنى ئەيىبلەشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ۋاجىپ بولدى» دېگەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: نېمە ۋاجىپ بولدى؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ كىشىنى سىلەر ياخشى دەپ ماختىدىڭلار. شۇڭا ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولدى. يەنە بىرىنى يامان دەپ ئەيىبلىدىڭلار. شۇڭا ئۇنىڭغا دوزاخ ۋاجىپ

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.
[2] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.
[3] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

بولدى. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ يەر يۈزىدىكى گۇۋاھچىلىرى سىلەر» دېگەن[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر مۇسۇلمان ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن قوشنىلىرىدىن تۆت ئائىلە كىشى ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ پەقەت ياخشىلىقىنىلا بىلىدىغانلىقى گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ تائالا: مەن بۇ كىشى ھەققىدە سىلەرنىڭ بىلىدىغىنىڭلارنى قوبۇل قىلدىم، بىلمەيدىغانلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلدىم» دەيدۇ[2].

يەتتىنچىدىن، گۇناھ قىلغان كىشى باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىشىگە سەۋەب بولۇپ قېلىپ، ئاندىن شۇ ئەيىبلەش تۈپەيلىدىن ياكى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدا يوق ئىشلار بىلەن ئەيىبلەپ ياكى ئۇ قىلغىنىدىنمۇ كۆپرەك گۇناھ قىلدى دەپ ئەيىبلەپ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن تېخىمۇ كۆپ گۇناھقا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى مۇشۇنداق ئەھۋاللاردا شۇنداق ئىشلار كۆپ يۈز بېرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ گۇناھكار ئىنسان شۇ سەۋەبلىك يەنە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلىپ سالغان گۇناھى يېتەرلىك.

سەككىزىنچىدىن، باشقىلار ئۇنىڭ قىلغان گۇناھلىرىنى بىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن كۆڭلى رەنجىپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، ئۇرۇشنىڭ تەننى جاراھەتلەندۈرۈشى تەبىئىي ئىش بولغىنىدەك، ئەيىبلەشمۇ قەلبنى جاراھەتلەندۈرىدۇ. بۇ ئىنساننىڭ تەبىئىي خاراكتېرىدۇر. بەزى ھاللاردا (بولۇپمۇ ئىرچىل داۋاملاشقان چاغدا) ئاشۇ رەنجىشتىن كېلىپ چىققان

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

[2] ئىمام مۇنزىرىي بۇ ھەدىسنى «تەرغىيب ۋە تەرھىيب» ناملىق كىتابىدا

ھېس ـ تۇيغۇ ۋە بىئارامچىلىق ئۇ كىشىنى تائەت ـ ئىبادەتتە ئاللاھتىن ئەيمىنىشتىن چەكلەپ قويۇشى مۇمكىن.

مۇسۇلمان ئۆز بەدىنىنى ۋە قەلبىنى بىئارام قىلىدىغان ھەرقانداق ئىشتىن يىراق تۇرغىنى ياخشى. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ھارام ئەمەس.

مەخلۇقاتلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈش ئىستىكىنىڭ يوق بولۇشى ئەڭ ئۈستۈن ماقام بولسىمۇ، گۇناھ ئۆتكۈزگۈچى ئىنسان بارچە ئىشلار ئاللاھنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى، پايدا ـ زىيان يەتكۈزگۈچىنىڭ پەقەت ئاللاھ ئىكەنلىكىنى، بەندىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇنىڭغا نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشى بىلەن ماختىشىنىڭ ھېچقانداق پەرقى قالمايدۇ. ئىمام تىرمىزىي بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ۋە ھەسەن دېگەن بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! شەكسىزكى، مېنىڭ ماختىشىم گۈزەلدۇر، ئەيىبلىشىم بەكمۇ قەبىھتۇر (يەنى مەن بىرىنى ماختىسام، ئۇ ماختاشقا سازاۋەر بولىدۇ. ئەگەر ئەيىبلىسەم، ئەيىبكە قالىدۇ) دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئاللاھتۇر (يەنى: ئاللاھ بىرىنى ماختىسا، ئۇ كىشى ماختاشقا سازاۋەر بولىدۇ. ئەگەر بىرىنى ئەيىبلىسە، ئۇ كىشى ئەيىبكە قالىدۇ)» دېگەن[1].

توققۇزىنچىدىن، گۇناھكارنىڭ مەسىيتى ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ يامان غەرەزدە بولۇپ قېلىش ۋە ئەزىيەت بېرىش خەۋپى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ ئەيىبلەشكە ئۇچرىغاندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشتۇر. چۈنكى، ئەيىبلەش

[1] ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

گەرچە يامانلىق يەتكۈزۈشتىن ئەمىن بولغىلى بولىدىغان كىشى تەرەپتىن كەلگەن تەقدىردىمۇ، قەلبكە ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش تەرەپتىن يامان كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر. شۇڭا گۇناھكار ئىنسان ئۆزىنىڭ گۇناھىنى بىلىپ قالغان كىشىنىڭ يامانلىق يەتكۈزۈپ سېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان كىشى مۇمكىنقەدەر ئۆزىگە ئەزىيەت كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى لازىم.

## كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىنى ئارزۇ قىلىش

مۇسۇلمان كىشىنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشىنى ۋە دوست تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلىشى گۇناھ ئەمەس. چۈنكى، ئىنساندا ياخشى كۆرۈش ۋە ياخشى كۆرۈلۈشنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىش. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسان كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياخشى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھنىڭ بىر ئىنساننى ياخشى كۆرۈشى باشقىلارنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ، يامانلىقلىرىنى ياپىدۇ، ياخشى ئىشلىرىنى ئاشكارا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئۈچۈن ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۇلارغا) مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ﴾[1]. شۇڭا ئىنسان مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرگەن ئىنسانغا باشقىلارنىڭ دىللىرىدا مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ.

---

[1] سۈرە مەريەم، 96 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىر بەندىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىل ئەلەيھسسالامغا نىدا قىلىپ: شەكسىزكى، ئاللاھ پالان بەندىنى ياخشى كۆردى، شۇڭا سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەندىنى جىبرىئىلمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن جىبرىئىل ئاسماندىكى پەرىشتىلەرگە نىدا قىلىپ: شەكسىزكى، ئاللاھ پالان بەندىنى ياخشى كۆردى، شۇڭا ئۇنى سىلەرمۇ ياخشى كۆرۈڭلار، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەندىنى ئاسماندىكى پەرىشتىلەرمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۇ بەندىگە مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ»[1].

بۇ ئورۇندىنمۇ يۈكسەكرەك ئورۇن بولسا ئەڭ چوڭ غېمى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈستىدە بولۇش، مەخلۇقلارنىڭ رازى بولۇش ـ بولماسلىقىغا ۋە ياخشى كۆرۈش ـ كۆرمەسلىكىگە پىسەنت قىلماسلىقتۇر.

ناۋادا ئىنساننىڭ قەلبى بىرىنىڭ مۇھەببىتىگە باغلىنىدىغان ئىش بولسا، ئۇلار چوقۇم ئاللاھ تائالا: ﴿ئاللاھ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ﴾[2] دېگەن سۆزىدە سۈپەتلىگەن كىشىلەر كەبى ئاللاھنىڭ دوستلىرى بولۇشى لازىم.

ھەدىستە كەلگەن بىر دۇئادا: «ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى ۋە سېنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىنى تىلەيمەن»[3] دېيىلگەن.

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

[2] سۈرە مائىدە، 54 ـ ئايەت.

[3] ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان ھەدىسنىڭ بىر قىسمى.

يەتتىنچى بۆلۈم

# دەۋەتچىلەر ئۈچۈن ئىخلاسنىڭ زۆرۈرلۈكى

## ئىخلاس نېمىشقا بۇنچىۋالا زۆرۈر؟

ئىسلامنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى ھەمدە ئەقىدىسى، قانۇنى، ئەخلاقى ۋە مەدەنىيىتى ئارقىلىق ھاياتنىڭ تىزگىنىنى قايتا قولىغا ئېلىشى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەل شەكسىزكى، بىر تەرەپتىن، ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر. بۇ تائەت ـ ئىبادەت ۋە جىھادتا نىيەتنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىش ئەمەللەرنىڭ مەقبۇل بولۇشى ۋە ئەمەل قىلغۇچىنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشىشىنىڭ تۈپ ئامىلىدۇر. باشقا غەرەز ئارىلاشقان نىيەت ئەمەللەرنى بۇزۇپ، نەپسنى بۇلغاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئەجرنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. ياخشى نىيەت ئەمەللەرنى تۈزىدۇ، ئىرادىنى چىڭىتىدۇ، يولنى داغداملاشتۇرىدۇ، توسالغۇلارنى يوقىتىشقا ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلار ياخشىلىنىماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇلارنى (شۇنىڭغا) مۇۋەپپەق قىلىدۇ﴾[1]. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى تەلەپ قىلىنغان ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا

[1] سۈرە نىسائ، 35 ـ ئايەت.

ئىرادە ۋە نىيەتنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بارلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. دېمەك، نىيەت ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىشى ۋە ياردەم بېرىشىنىڭ تۈپ سەۋەبىدۇر.

سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە نەسىھەت قىلىپ مۇنداق مەكتۇپ يازغان: «شۇنى بىلگىنكى، ئاللاھنىڭ بەندىگە ياردەم بېرىشى شۇ بەندىنىڭ نىيىتىگە قاراپ بولىدۇ. كىمنىڭ نىيىتى تولۇق بولسا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بېرىدىغان ياردىمىمۇ تولۇق بولىدۇ. كىمنىڭ نىيىتى كەمچىل بولسا، ئاللاھنىڭ ياردىمىمۇ شۇنىڭغا تۇشلۇق بولىدۇ».

مانا مۇشۇ سىر تۈپەيلى ئىمام بۇخارىي «سەھىيھۇل بۇخارىي» ناملىق كىتابىنى ئىسلام ئۆلىمالىرى دىنىنىڭ تۆتتىن بىرى ياكى ئۈچتىن بىرى دەپ قارىغان مۇنۇ ھەدىس بىلەن باشلىغان: «بارلىق ئەمەللەر پەقەت نىيەتكە باغلىقتۇر. ھەركىم پەقەت نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ. كىمكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولىدۇ. كىمكى بۇ دۇنيادا پۇل - مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ»[1].

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، نىكاھىغا ئالماقچى بولغان ئۇممۇ قەيس ئىسىملىك بىر خوتۇنغا ئېرىشىش ئۈچۈن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئاشۇ خوتۇنغا مەنسۇپ قىلىنىپ «ئۇممۇ قەيسنىڭ مۇھاجىرى» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

---

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

شەكسىزكى، ئىسلام ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغان مۇسۇلمان قەلب تۆرىدىن شۇ ئەمەلنى قىلىشىدىكى تۈرتكىلىك ئامىل بولغان نىيىتىنى تەكشۈرۈپ بېقىشى لازىم. ئەگەر نىيىتىدە دۇنيانىڭ ياكى شەيتاننىڭ ئاز - تولا ھەسسىسى بولۇپ قالسا، قەلبىدىن ئۇنداق ئارىلاشمىلارنى تازىلاپ چىقىرىشقا، نىيىتىنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا خالىس قىلىشقا، خۇددى ئىمراننىڭ ئايالى: ﴿ئى رەببىم! ھەقىقەتەن مەن قورسىقىمدىكى بۇ بالىنى (دۇنيالىق ئىشلاردىن پۈتۈنلەي) ئازاد قىلىنغان ھالدا ساڭا ئاتىدىم. بۇ ئەمىلىمنى قوبۇل قىلغىن. شەكسىزكى، سەن (ھەممە ئاۋازلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، ھەممىنى بىلگۈچىسەن﴾[1] دەپ ئېيتقاندەك، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن ئاتاشقا تىرىششى لازىم. بۇ سۆزلەر ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئانىسىنىڭ سۆزى بولۇپ، بۇ سۆزلەر ئىچىدىكى «دۇنيالىق ئىشلاردىن ئازاد قىلىنغان ھالدا» دېگەن سۆز ئاللاھنىڭ بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلىشتىكى قانۇنىيىتىنىڭ ئەمەللەر ئىچىدىن پەقەت ئاللاھنىڭ غەيرىگە قۇلچىلىق قىلىشتىن ئازاد بولغان ھالەتتىكى ھەرقانداق شېرىكتىن خالىي بولغىنىنىلا قوبۇل قىلىش ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ.

شەكسىزكى، دۇنيادا پەقەت پايدا ئېلىشنىلا كۆزلەيدىغان پىرىنسىپ تىجارەتچىلىرى بىلەن، كىشىلەرگە كۆرسىتىش ۋە ئاڭلىتىش ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە پاراڭلىشىشى ئۈچۈن ۋە باشقىلار تەرىپىدىن ئالاھىدە كۆرسىتىلىشى ئۈچۈنلا ئەمەل قىلىدىغان رىياخورلار بىلەن ھەقىقەت ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلمەيدۇ، ياخشىلىق كەڭ قانات يايمايدۇ، ئىمان كەلىمىسى ھەممىدىن ئۈستۈن بولمايدۇ، پەزىلەت ئىگىلىرى

[1] سۈرە ئال ئىمران، 35 ـ ئايەت.

ئۇتۇق قازىنالمايدۇ. بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، دىنىي پىرىنسىپلارغا بويسۇنىدىغان، باشقىلارغا ياخشى تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان، دىنىي ئەھكاملار بويىچە ئىش كۆرىدىغان، پايدا ئېلىشنى كۆزلىمەي قۇربان بېرىدىغان، ئېلىشنى كۆزلىمەي بېرىدىغان ئىخلاسمەن كىشىلەر ئارقىلىق ھەقىقەت، ياخشىلىق، ئىمان ۋە پەزىلەتلەر غالىب كېلىدۇ.

## ئىخلاسمەن كىشىلەر دەۋەت قوشۇنلىرىدۇر

شەكسىزكى، ئەمەللىرىدە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەيدىغان ئىخلاسمەن كىشىلەر شەخسىي غەرەز ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلار بولۇپ، ئەنە شۇ كىشىلەرلا ھەقىقىي دەۋەت قوشۇنلىرى، دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچىلار، پەيغەمبەرلىككە ۋارىسلىق قىلغۇچىلاردۇر. بۇلار گەرچە مال - مۈلۈكسىز يوقسۇل، يۈز - ئابرۇيسىز ئاجىز، كۆزگە ئىلىنمايدىغان كىشىلەر بولسىمۇ، دەۋەتنىڭ غەلىبىسىنى ئۆزىنىڭ غەلىبىسى دەپ بىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، دەۋەتمۇ ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئارقىلىق غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. مۇنۇ ھەدىس ئەنە شۇنداق كىشىلەر توغرىسىدا ئېيتىلغان: «ئىشىكلەر ئالدىدىن قوغلىنىدىغان، چاچلىرى پاخپايغان، ئۈستىبېشى توپا - چاڭ باسقان بەزى كىشىلەر بار. ئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەسىمىنى ئورۇنداش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدۇ»[1].

ئىمام نەسائىي ۋە باشقىلار سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن (بۇ كىشى دەسلەپتە ئىسلامغا

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

كىرگەنلەردىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن ساھابىلەردىن ئىدى) رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ كىشى بىر كۈنى كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ساھابىلىرىدىن ئارتۇقچىلىقى بار دەپ ئويلاپ قالغان. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا بۇ ئۈممەتكە بۇ ئۈممەتنىڭ ئاجىز كىشىلىرىنىڭ دۇئاسى، نامىزى ۋە ئىخلاسى بىلەن نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ» دېگەن[1].

مانا بۇ ئاجىز، كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان، ئىخلاسمەن كىشىلەر بولسا ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى بىللە بولۇشقا، باشقا كىشىلەر بىلەن بولۇپ كەتمەسلىككە، مەرتىۋىسى ۋە يۈز ـ ئابرۇيى سەۋەبلىك دەۋىتىنىڭ نۇسرەت قازىنىشىنى ئۈمىد قىلىپ كىشىلەر ئىچىدىكى مەرتىۋىلىك، باي ۋە يۈز ـ ئابرۇيلۇق، كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرگە يۈزلىنىپ كەتمەسلىككە بۇيرۇغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان ھالدا بىللە بولغىن. ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇزىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ كاتتىلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن. بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزىگە) ئىشەنمىگىن﴾[2].

شەكسىزكى، ئەقىدە ئەسكىرى ھاۋايى ـ ھەۋەسىنىڭ كەينىگە

---

[1] ئىمام نەسائىي رىۋايەت قىلغان.

[2] سۈرە كەھف، 28 ـ ئايەت.

كىرمەيدۇ، كۆزلىرىنى شۆھرەت چاقمىقى قاماشتۇرۇۋەتمەيدۇ، قەلبىنى يۈز ـ ئابرۇي ۋە ھوقۇقنىڭ كۈچى ئۆزىگە رام قىلىۋالمايدۇ. مال ـ دۇنيا ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ نىشانى، بىلىدىغان بارلىق نەرسىسى ئەمەس. ئۇ بۇ دۇنياغا ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىدا بۇ دۇنيا ئاللاھنىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىغا تەڭ كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ نىشانى، ئاللاھنىڭ سالىھ بەندىلىرى، سەممىي ئەسكەرلىرى ۋە نىجاتلىققا ئېرىشكۈچى قوشۇنلىرى قاتارىدا قوبۇل قىلىنىشتۇر. بۇ نىشانىنىڭ ئېنىق بولۇشى ئىسلامنىڭ نۇسرىتى ئۈچۈن ئەمەل قىلغۇچىلارغا زۆرۈر بىر ئىشتۇر. بۇلارنىڭ نىشانى ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇش، ئىسلامىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، ئىسلامىي جەمئىيەت قۇرۇش ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلاردۇر. بۇلار شۇ نىشانلىرى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا ۋە شۇ نىشانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېششىغا ھېرىسمەندۇر. بۇلار مۇشۇ ئىشلار ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان ئەڭ ئالىي غايە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ۋە جەننەتكە ئېرىشىشتۇر. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلار بۇ يولدا ئاچچىقنىمۇ شېرىن بىلىدۇ. ئاللاھنىڭ يولىدىلا بولىدىكەن، ھەرقانداق قۇربانلىقنى ئىككىلەنمەي بېرىدۇ.

## زىيانداش پارازىتلارنىڭ خەتىرى

دەۋەتچىلەر تاكى باشلىرىدىن ئېغىر كۈنلەر كېتىپ، ئاللاھ تائالا ناچارنى ياخشىدىن بىر ياقىغا ئايرىپ چىققانغا قەدەر خۇددى ساغلام تەنگە مىكروب كىرگەندەك مۆمىن جامائەت ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالىدىغان، باشقىلارغا يۈك بولىدىغان، گېپى جىق، ئەمىلىنىڭ تايىنى يوق، جاپاغا كەلگەندە ئاز، راھەتتە كۆپىيىپ قالىدىغان تەمەخور، ئاچكۆز بىر ئوچۇم

پارازىت قۇرتقا ئوخشاش زىيانداش ئادەملەرنىڭ سەپلەر ئىچىگە كىرىۋېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىشلىرى لازىم.

دۇرۇس، رەببانىي دەۋەتچىلەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئەڭ ئېغىر مۇسىبەت ئىسلام دەۋىتىنى ئۆزلىرىنىڭ پەس مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن كۆۋرۈك، تەمەلىرىگە ئېرىشىش ئۈچۈن شوتا قىلىدىغان، قارىماققا تەقۋا كۆرۈنىدىغان، شېرىن - شېكەر سۆزلىرى بىلەن باشقىلارنى ئالدايدىغان، ناھايىتى قىزىققان، ھېسسىياتچان، ئەمما ئىنتايىن يۇمشاقباش، رايىش، ئىچكى دۇنياسى ۋەيرانە، قەلبلىرى قۇپقۇرۇق ئادەملەردۇر. بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان كىشىلەر بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئاخىر زاماندا شۇنداق بىر تۈركۈم كىشىلەر مەيدانغا كېلىدۇكى، ئۇلار دۇنيانى دەپ دىنىنى بۇزىدۇ، ياۋاش - يۇمشاقلىقىدىن كىشىلەرگە خۇددى قوينىڭ قوزىسىدەك كۆرۈنىدۇ، تىللىرى شېكەردىنمۇ تاتلىق، قەلبلىرى بەئەينى چىلبۆرىلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: بۇلار مېنى ئالدىماقچى بولۇۋاتامدۇ؟ ياكى ماڭا قاپىيۈرەكلىك قىلىۋاتامدۇ؟ مەن ئۆز زاتىم بىلەن شۇنداق قەسەم قىلدىمكى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئۆزلىرى ئىچىدىن شۇنداق بىر پىتنە ئەۋەتىمەنكى، ئۇ پىتنە ئۇلارنىڭ ئەقىللىق كىشىلىرىنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويىدۇ»[1].

### بىر - بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان ئىككى تۈرلۈك كىشىلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى بىر - بىرىدىن تامامەن

[1] ئىمام تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

پەرقلىق بولغان ئىككى تۈرگە بۆلگەن: بىر تۈرلۈكى، ئۆز نەپسى ئۈچۈن ۋە شەھۋەتلىرى ئۈچۈن ياشايدىغان، مال ـ دۇنيانىڭ ۋە زىبۇزىننەتلەرنىڭ قۇللىرى بولۇپ، پايدا ـ مەنپەئەت قەيەردە بولسا، نەپسى شەھۋىتى قەيەرگە باشلىسا، شۇياققا يۈگۈرىدۇ. بىرەر مەنپەئەت يەتسە، شەھۋىتىنى قاندۇرالىسا خۇش بولىدۇ ۋە ماختايدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئەيىبلەيدۇ ۋە غەزەپلىنىدۇ. يەنە بىر تۈرلۈكى، جىھاد قىلىشقا، قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان، ھېچقانداق پايدا ـ مەنپەئەت ۋە نام ـ شۆھرەت كۆزلىمەستىن، پەقەت ھەق ئۈچۈنلا ياشايدىغانلاردۇر. بۇلار قانداق ۋەزىپىگە قويۇلسا، غوۋغا قىلماستىن، تەكەببۇرلۇق قىلماستىن ۋەزىپىسىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇندايدۇ ۋە نەتىجە يارىتىدۇ.

بۇ ئىككى تۈرلۈك كىشىلەر ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «دىنارنىڭ قۇلى، تەڭگىنىڭ قۇلى، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ قۇلى ھالاك بولسۇن! ئەگەر ئۇنىڭغا شۇ نەرسىلەردىن بېرىلسە مەمنۇن بولىدۇ، بېرىلمىسە غەزەپلىنىدۇ. ئۇ ھالاك بولسۇن! تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتسۇن! پۇتىغا كىرىپ كەتكەن تىكەننىمۇ ئالالمىسۇن! ئاللاھ يولىدا ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقان، چاچ ـ ساقاللىرى ياخپايغان، ئۇستىبېشى توپىغا مىلەنگەن، مۇھاپىزەتچىلىككە قويۇلسا مۇھاپىزەتچىلىكتە تۇرىدىغان، جەڭ سېپىگە كىرىشكە بۇيرۇلسا جەڭ سېپىدە بولىدىغان، رۇخسەت سورىسا رۇخسەت بېرىلمەيدىغان، ئارىغا چۈشۈپ شاپائەت قىلسا شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان بەندىگە خۇش مۇبارەك بولسۇن!»[1].

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

سەككىزىنچى بۆلۈم

## ئىخلاسنىڭ مېۋىلىرى

ئىخلاسنىڭ ئىنساننىڭ روھىدا ۋە تۇرمۇشىدا يېتىلدىغان ياخشى مېۋىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

### روھىي خاتىرجەملىك

ئىخلاس ئۆز ساھىبىغا روھىي خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ، كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ قىلىدۇ، نەتىجىدە ئۇ قەلبىنى ئاللاھنىڭ رىزاسىدىن ئىبارەت بىرلا غايىگە قارىتىدۇ، پۈتۈن غايىسى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېلىپ بارىدىغان بىرلا تەرەپكە بولىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، ئېنىق نىشان ۋە تۈپتۈز يول ئىنساننى خىلمۇخىل كۆز - قاراشلار، تۈرلۈك قىزىقىشلار ۋە تۈرلۈك يوللار ئارىسىدىكى چېچىلاڭغۇلۇقتىن ۋە تۇراقسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئېتىقاد قىلغان مۆمىننى بىر خوجايىن ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان، خوجايىنىنى ئېمىنىڭ رازى قىلىپ، ئېمىنىڭ غەزەپلەندۈرىدىغانلىقىنى بىلىدىغان، نەتىجىدە پۈتۈن غېمى شۇ خوجايىنىنى رازى قىلىش ۋە ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىش بولغان قۇلغا ئوخشاتقان. مۇشرىكنى بولسا بىرقانچە شېرىك خوجىلار

ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان، ھەربىرى ئۆز رايى بويىچە ئىشقا سېلىشنى ئويلايدىغان، بىرى يەنە بىرى بۇيرۇغاننىڭ تەتۈرىسىگە بۇيرۇيدىغان ۋە ئۇ خالىغاننىڭ دەل ئەكسىنى خالايدىغان، نەتىجىدە ئۇنىڭ دىققىتى تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كېتىپ، كىمنى رازى قىلارنى بىلەلمەي قالغان قۇلغا ئوخشاتقان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ (سىلەرگە مۇنداق) بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر قۇل بولۇپ، ئۇنىڭغا (ئىشقا سېلىشنى) تالىشىدىغان نۇرغۇن خوجايىنلار ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ (ئۇنى بىرسى ئۇ ئىشقا، بىرسى بۇ ئىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ كىمنى رازى قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ). يەنە بىر قۇل بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمگىلا خاستۇر. بۇ ئىككى قۇل (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالى) ئوخشاشمۇ؟ جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر. بەلكى ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تولىسى بىلمەيدۇ﴾[1].

مۇشۇ ئارقىلىق (يەنى پەقەت ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلىش ئارقىلىق) مۆمىن ئىنسان «تەڭگە - تىللانىڭ قۇلى ھالاك بولسۇن، كىيىم - كېچەكنىڭ قۇلى ھالاك بولسۇن» دېگەن ھەدىستە كۆرسىتىلگەن ئاللاھنىڭ غەيرىگە قۇل بولۇش بەختسىزلىكىدىن قۇتۇلغان ھەمدە يەككە - يېگانە ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ئارقىلىق بەختكە ئېرىشكەن بولىدۇ. ئۇ پۈتۈن دىققىتىنى ئاللاھنى رازى قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا نىشانغا، نىيەت ۋە مەقسىتىنى ئاخىرەتكە قاراتقان، نەتىجىدە بۇ دۇنيادا ئۇنىڭغا يولۇققان ھەرقانداق خاپىلىق ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى پۈتۈن

[1] سۈرە زۇمەر، 29 - ئايەت.

نىشانىنى بىرلا نىشان قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى بارلىق غايە ـ نىشانلىرىغا كۇپايە قىلىدۇ. قانداق ئادەمنىڭ نىشانلىرى بىرقانچە تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى قايسى ۋادىدا ھالاك بولۇشىغا پەرۋا قىلمايدۇ»[1].

بۇ ھەدىستىكى «غايە ـ نىشانلىرى بىرقانچە تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن بولسا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى مال ـ دۇنيا توپلاش، يۈز ـ ئابرۇيغا ئېرىشىش، شەھۋەتلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈش دېگەندەك خىلمۇخىل غەرەزلەرگە يېتىش ئارزۇسىدا بولۇش دېگەن بولۇپ، مۆمىن كىشى بۇنىڭ دەل ئەكسىچە پەقەت پەرۋەردىگارىنى رازى قىلىشنىلا ئويلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بۇ دۇنياغا ئېرىشىشنى نىشان قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىشنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ، يوقسۇللۇقنى مۇپتىلا قىلىدۇ، ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادىن پەقەت تەقدىردە پۈتكەننىلا بېرىدۇ. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىشنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، بايلىقنى ئۇنىڭ قەلبىدە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا دۇنيانى ھەدەپ ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمىسىمۇ بېرىدۇ»[2].

## روھىي قۇۋۋەت

ئىخلاس ئۆزىنى خالىس قىلىپ ئاتىۋەتكەن، ئىرادىسىنى ساپ قىلغان ئىخلاسمەن كىشىگە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ساۋابىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت يۈكسەك غايىدىن كېلىپ چىققان زور دەرىجىدە

[1] ئىمام ھاكىم ۋە بەيھەقىي رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

روھىي قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ. شەكسىزكى، مال ـ دۇنيا، ھوقۇق ـ مەنسەپ، نام ـ ئاتاق ياكى ئەمەلدارلىق تەمەسىدە يۈرگۈچى مۇتلەق ئاجىز كىشىدۇر. ناۋادا ئۇنىڭدا بۇ دۇنيادىن ئېرىششنى ئارزۇ قىلىۋاتقان نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈمىدى تۇغۇلۇپ قالسا، ئۇ تەمە قىلغان نەرسىنى بېرەلەيدىغان ئادەمنىڭ ئالدىدا ئاجىزدۇر. ئۆزى ئۈمىد كۈتۈۋاتقان بىرەر پايدىنىڭ قولدىن كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالسا يەنە ئاجىزدۇر. بارلىق غايە ـ نىشانلىرىنى ئاللاھقا سېتىۋەتكەن كىشىگە كەلسەك، بۇنداق ئادەم ئاجىزلاشمايدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەتكە، يېڭىلمەيدىغان قۇدرەتكە ئېرىشكەن ئادەمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىخلاسىدا ئىنسانلار كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ماددىي كۈچتىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولغان كۈچ ـ قۇۋۋەت بار.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس قەلبىنى ئاللاھقىلا خالىس قىلغان كىشى ئىگە بولىدىغان روھىي قۇۋۋەتنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ تائالا زېمىننى ياراتقان چاغدا زېمىن بىردىنلا تەۋرەشكە باشلىدى. ئاندىن ئاللاھ تاغلارنى يارىتىپ، تاغلارنى زېمىن ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋېدى، زېمىن تەۋرەشتىن تۇردى. پەرىشتىلەر تاغنىڭ چوڭلۇقىدىن ھەيران قېلىپ:

ـ ئەي رەببىم! سېنىڭ مەخلۇقاتلىرىڭ ئىچىدە مۇشۇ تاغلاردىنمۇ كۈچلۈكرەك نەرسە بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئاللاھ تائالا:

ـ ھەئە بار، تۆمۈر تاغدىنمۇ كۈچلۈك، ـ دېدى.

ـ ئەي رەببىم! سېنىڭ مەخلۇقاتلىرىڭ ئىچىدە شۇ تۆمۈردىنمۇ كۈچلۈكرەك نەرسە بارمۇ؟

- ھەئە بار، ئـوت تۆمۈردىنمـۇ كۈچلـۈك.

- ئەي رەبـبىم! سـىنىڭ مەخلۇقاتلىرىڭ ئىچىدە ئوتتىنمۇ كۈچلۈكرەك نەرسە بارمۇ؟

- ھەئە بار، سـۇ ئوتتىنمـۇ كۈچلـۈك.

- ئەي رەبـبىم! سـىنىڭ مەخلۇقاتلىرىڭ ئىچىدە سۇدىنمۇ كۈچلۈكرەك نەرسە بارمۇ؟

- ھەئە بار، شامال سۇدىنمۇ كۈچلۈك.

- ئەي رەببىم! سىنىڭ مەخلۇقاتلىرىڭ ئىچىدە شامالدىنمـۇ كۈچلۈكرەك نەرسە بارمۇ؟

- ھەئە بـار، ئوڭ قولى بىـلەن قىلغـان سـەدىقىنى سـول قولىـدىن مەخپىـي تۇتىـدىغان ئىنسان شامالدىنمۇ كۈچلۈك»[1].

بۇ ھەدىس بىزگە روھىي قۇۋۋەتنىـڭ ھەرقانداق ماددىي قـۇۋۋەتتىن تولىمۇ كۈچلـۈك ئىكەنلىكىنى، ئىمان ۋە ئىخلاس قۇۋۋىتىنىڭ زېمىننى تەۋرىنىشتىن توختىتالايدىغان تاغلارنىڭ قۇۋۋىتىدىن، تـاغلارنى كۇكـۇم - تالقان قىلالايدىغان تۆمۈرنىڭ قۇۋۋىتىدىن، تۆمۈرنى ئېرىتەلەيدىغان ئوتنىڭ قۇۋۋىتىدىن، ئوتنى ئۆچۈرەلەيدىغان سۇنىڭ قۇۋۋىتىدىن، سـۇنى ھەرىكەتلەندۈرەلەيـدىغان شـامالنىڭ قۇۋۋىتىـدىنمۇ ئېـشىپ چۈشـىدىغانلىقىنى، يىغىپ ئېيتقاندا، ئىنسان ئاللاھقا ئىخلاس قىلىپ، ھەتتـا ئـوڭ قولـدا قىلغان سەدىقىسىنى سـول قولىمـۇ تۇيمىغۇدەك دەرىجىـدە مەخپىـي قىلغـان چاغـدا، ئاشـۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇۋۋىتىدىنمۇ كۈچلۈك بولۇپ

[1] ئىمام ئەھمەد، تىرمىزىي ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

كېيىندىغانلىقىنى ئەنە شۇنداق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. بۇ بولسا ئىنسانىنىڭ قىلغان سەدىقىسىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار ئورۇندىمۇ يىراق ھالدا مەخپىي قىلىشقا تىرىشقانلىقىنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن پەيغەمبەر تەسۋىرىدۇر.

ئىمام غەززالىي «ئەلئىھيائ» ناملىق كىتابىدا مۇشۇ مەنىگە ئىشارەت قىلىدىغان مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئىخلاسنىڭ ئۆز ساھىبىغا باشقىلاردا تېپىلمايدىغان ئادەتتىن تاشقىرى قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۇقۇمدۇر. بۇ ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

ئىلگىرىكى زاماندا پۈتۈن ئۆمرىنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بىر كىشى بار بولۇپ، بۇ كىشى مەلۇم بىر جايدا كىشىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنىدىغان بىر تۈپ دەرەخ بارلىقىنى ئاڭلاپ، پالتىسىنى ئېلىپ شۇ دەرەخنى كېسىۋېتىشكە، شۇ ئارقىلىق ئاشۇ دەرەخنى ئۇلۇغلاپ، چوقۇنىدىغان ئازغۇنلۇقنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشقا بەل باغلاپ مېڭىپتۇ. يول ئۈستىدە ئىبلىس ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنى بۇ ئىرادىسىدىن قايتۇرماقچى بوپتۇ. لېكىن بۇ كىشى ئىبلىسنىڭ دېگىنىگە كۆنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى تۇتۇشۇپ قاپتۇ. ئاقىۋەت ھېلىقى ئابىد كىشى ئىبلىسنى يىقىتىپ، ئىبلىسنىڭ خۇددى ئۆز قولىدىكى بىر تال پەيگە ئوخشاش شۇنداق يەڭگىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. بۇ چاغدا ئىبلىس ئابىد كىشىگە ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلەتمەكچى بولۇپ:

ـ سەن ھازىرچە ئۇ دەرەخنى كەسمەي تۇرغىن. چۈنكى، سەن ئۇ دەرەخنى كەسسەڭمۇ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئۇلار باشقا بىر دەرەخنى تېپىپ، شۇنىڭغا چوقۇنۇشى

مۇمكىن، ـ دەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئىككى تىللا بېرىدىغانلىقىنى، ئۇنى ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ ئۆزىمۇ ئىشلىتىپ، يوقسۇللارغىمۇ سەدىقە قىلسا بولىدىغانلىقىنى ۋەدە قىپتۇ. ئىبلىس بۇ كىشىگە ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئاخىر ئۇنى قايىل قىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ كىشى ئىككىسى كېلىشكىنى بويىچە ھەر كۈنى سەھەردە ئىككى تىللانى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ.

بىراق، مەزكۇر ئابىد كىشى بىر كۈنى ئادىتى بويىچە ياستۇقىنىڭ ئاستىنى ئۆرۈپ قارىغۇدەك بولسا ئىككى تىللا يوق تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئىبلىسنى ۋەدىسىدە تۇرار، دېگەن ئۈمىدتە بىر قانچە كۈن ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. لېكىن ئىبلىس تىللانى ئەكېلىپ بەرمەپتۇ. ئابىد ئاخىر پالتىسىنى قولىغا ئېلىپ، ھېلىقى دەرەخنى كېسىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يەنە مېڭىپتۇ. بۇ قېتىممۇ يەنە ئىبلىس ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، تۇتۇشۇپ بېقىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئىككىسى تۇتۇشا ـ تۇتۇشا بۇ دورەم ئىبلىس ئابىدنى يىقىتىپتۇ. ئابىد كىشى بەئەينى ئىبلىسنىڭ ئىككى پۇتى ئارىسىدىكى كىچىك قۇشقىلا ئوخشاپ قاپتۇ.

بۇ چاغدا ئابىد كىشى ئىبلىستىن:

ـ سەن ئۆتكەن قېتىم ماڭا يېڭىلگەن ئىدىڭ. بۇ قېتىم مېنى يېڭىۋېلىشىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ ـ دەپ سوراپتۇ. ئىبلىس ئۇنىڭغا:

ـ ئۆتكەن قېتىم سېنىڭ غەزىپىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۈچۈن بولغان ئىدى. شۇڭا سەن ئۇ چاغدا ھېچقانداق ۋاقىتنىڭگە ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك بولۇپ كەتكەن ئىدىڭ ھەم ئۇ چاغدا مەندە ساڭا تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچمۇ يوق ئىدى،

شۇڭا مەن ساڭا تېزلا يېتىلىپ قالغان ئىدىم. ئەمما بۇ قېتىم سەن ئۆزۈڭگە كېلىدىغان تىللانىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن غەزەپلەندىڭ. شۇنىڭ بىلەن سەندە ئۇ چاغدىكى كۈچتىن ئەسەرمۇ قالمىدى ۋە مېنىڭ ئالدىمدا چاقماق تېزلىكىدە مەغلۇپ بولدۇڭ، ــ دەپتۇ.

مانا بۇ يەردە تەڭگە ــ تىللا ئۈچۈن غەزەپلىنىش بىلەن يەككە ــ يېگانە، ھەممىدىن غالىب زات ئۈچۈن غەزەپلىنىشنىڭ پەرقى نامايان بولغان.

شەكسىزكى، ئاللاھ ئۈچۈن ئىخلاس قىلغۇچى بەندە ھەرقانداق دۇنيالىق ۋەدىلەر ئالدىدا يۇمشاپ قالمايدۇ، تەھدىت ئۇنى يولىدىن چېكىندۈرەلمەيدۇ، ھېچبىر تەمە ئۇنى خار قىلالمايدۇ، خېيىم ــ خەتەر باش ئەگدۈرەلمەيدۇ. ئىخلاسمەن كىشى بۇ ئىشتا دەۋىتىدىن توختىشى بەدىلىگە پادىشاھلىق، يۈز ــ ئابرۇي، مال ــ دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دۇنيانىڭ ھەرقانداق مەنپەئەتلىرىنى بېرىش تەكلىپى بېرىلگەن چاغدا، ئېتىقادىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇلار مېنىڭ بۇ ئىشنى تاشلاش بەدىلىگە ئوڭ قولۇمغا قۇياشنى، سول قولۇمغا ئاينى تۇتقۇزغان تەقدىردىمۇ، تاكى ئاللاھ بۇ ئىشنى غالىب قىلغۇچە ياكى مەن مۇشۇ يولدا ئۆلۈپ كەتكۈچە بۇ ئىشنى ھەرگىز تاشلىمايمەن»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ.

ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مال ــ دۇنيا ياكى پادىشاھلىق ياكى رەھبەرلىككە قارىتا ئازراق ئىشتىھا قىلغان بولسىدى،

[1] ئىبنى ئىسھاق «مەغازىي» ناملىق كىتابى 1 ــ جىلد، 170 ــ بەتتە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر رىۋايەت نەقىل قىلغان.

ئەلۋەتتە قۇرەيش كاتتىلىرى ئۇنىڭغا تەكلىپ بەرگەن ۋە ئىنسانىي قىزىقتۇرىدىغان مەزكۇر پايدا ـ مەنپەئەتلەر ئالدىدا ئۇنىڭ ئىرادىسى ئاجىزلاپ قالغان بولاتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز غايىسىنى تونۇپ يەتكەن بولغاچقا، شۇ غايىسىگە ئىخلاس قىلدى. پەرۋەردىگارىنى تونۇپ يەتكەن بولغاچقا، پەرۋەردىگارىغا ھېچنەرسىنى شېرىك قىلمىدى.

## ئۆزلۈكسىز ئەمەل قىلىش

ئىخلاسنىڭ نەتىجىلىرىدىن يەنە بىرى ئەمەل قىلغۇچىنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى ئۆزلۈكسىز قىلىشىدۇر. شەكسىزكى، باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن، قورساق بېقىش ئۈچۈن ياكى ھاۋايى ـ ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغان كىشى ناۋادا ھەۋىسىنى قاندۇرالمىسا، قىلىۋاتقان ئەمىلىدىن توختىۋالىدۇ. نام ـ شۆھرەت، ئەمەل ـ مەنسەپكە ئېرىشىش ئارزۇسىدا ئەمەل قىلىدىغان كىشى ناۋادا ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتسىلا ئەمىلىنى كەينىگە سوزۇپ ھۇرۇنلۇق قىلىدۇ. رەھبەرنى ياكى مەلۇم بىر ھوقۇقدارنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغان كىشى ناۋادا شۇ رەھبەر، ھوقۇقدىن ئېلىپ تاشلانسا ياكى ئۆلۈپ كەتسە قىلىۋاتقان ئىشىدىن توختاپ قالىدۇ. ئەمما ئاللاھ ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغان ئادەم ھەرگىز قىلىۋاتقان ئەمىلىدىن توختىۋالمايدۇ، يولىدىن قايتمايدۇ، سۆرەلمىلىك قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ يوقالمايدىغان ۋە زاۋال تاپمايدىغان زاتنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئەمەل قىلىدۇ. پۈتكۈل ئىنسانلار يوقىلىپ، بارلىق مەۋجۇدات ھالاك بولۇپ تۈگەپ كەتسمۇ، ئاللاھ مەڭگۈ قالىدۇ: ﴿ئاللاھنىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ،

ھۆكۈم پەقەت ئاللاھقا خاستۇر، سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[1].

شۇنىڭ ئۈچۈن سالىھلار مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئۈچۈن بولغان ئىش داۋاملىق ۋە ئۈزۈلۈكسىز بولىدۇ. ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن بولغان ئىش ھامان ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. بۇ ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان، بىزمۇ ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن ۋە ئەمەلىي بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈپ باققان، ھەر ۋاقىت ۋە ھەر جايدا ھېلىھەم كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان رېئاللىقتۇر».

## مۇباھلار ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئىبادەتلەرگە ئايلاندۇرۇش

ئىخلاس بارلىق ئەمەللەرنىڭ قۇۋۋىتىدۇركى، ناۋادا بىر ئەمەلدە ئىخلاس بولسا، گەرچە ئۇ ئەمەل قىلغۇچىغا ساۋابمۇ، جازامۇ بېرىلمەيدىغان، پەقەت شەرىئەتتە قىلىش رۇخسەت قىلىنغان ئۆرپ - ئادەتتىكى ئىشلار بولغان تەقدىردىمۇ، ئىخلاس ئۇ ئەمەللەرنى ساۋابقا لايىق، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنغان ئىبادەتكە ئايلاندۇرىدۇ. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئدكە: «سەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ سەدىقە قىلىپ كېلىۋاتقان بولساڭ، ھەتتاكى ئايالىڭنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ قويغان بىر لوقمىغا چاغلىق ئىش بولسىمۇ ئىرچىل داۋاملاشتۇرغىن» دېگەن[2].

ئاللاھ تائالا ئۆز يولىدا كۆرەش قىلىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بۇنداق بولۇشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا

[1] سۈرە قەسەس، 88 - ئايەت.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

ـ مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەربىر قەدىمى ئۈچۈن، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەربىر ئىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ. ئاللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. (ئۇلارنىڭ ئاللاھ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىھاد ئۈچۈن باسقان ھەربىر مۇساپىسى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ﴾[1]. ئۇلارنىڭ تارتقان ئاچارچىلىقلىرى، ئۇسسۇزلۇقلىرى، ماڭغان قەدەملىرى ۋە قىلغان چىقىملىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ياخشى ئەمەللىرى پۈتۈلىدىغان دەپتەرلىرىگە خاتىرىلىنىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ يولىدا بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. مۇسۇلمان كىشى ناۋادا بۇ ئىشلارنى ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى ئۈچۈن قىلمىسا ئىدى، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاللاھ يولىدا بولمايتتى.

بۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئات باققان كىشىگە بېرىلىدىغان ئەجىر ـ مۇكاپات ھەققىدە دېيىلگەن مۇنۇ ھەدىستۇر:

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھقا ئىشىنىپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە چىنپۈتكەن ھالدا ئاللاھ

[1] سۈرە تەۋبە، 120ـ121 ـ ئايەتلەر.

يولىدا بىر ئات باقىدىكەن، ئۇ ئات يېگەن ئوت ـ سامان، ئىچكەن سۇ، تېزىكى ۋە سۈيدۈكلىرىنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنى شۇ كىشىنىڭ مىزانىدا بولىدۇ»[1]. يەنى ھەربىرى ئۈچۈن ياخشىلىق يېزىلىدۇ.

بۇنداق بولۇشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ۋاسىتىلەر ۋە قورال ـ سايمانلار ئۈچۈنمۇ ساۋاب بولۇش ـ بولماسلىقى مەقسەت ۋە غايىلەرگە قاراپ بولىدۇ. دېمەك، تەييارلىق قىلىش، قورال ـ سايمان تەييارلاش، مەشىق قىلىش، تەجرىبە ۋە ماھارەت ئىگىلەشتىن ئىبارەت ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا، ئاللاھنىڭ سۆزىنىڭ ئۈستۈن بولۇشىغا ۋە دىن دەۋىتىنىڭ نۇسرەت قازىنىشىغا ياردىمى بولىدىغان ھەرقانداق نەرسە ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنغان تائەت ـ ئىبادەت بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەجىر ۋە ساۋاب بېرىلىدۇ.

## تېخىچە تاماملانمىغان ياكى پەقەت قىلمىغان بولسىمۇ قىلغانىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىش

ئاللاھ ئۈچۈن ئىخلاس قىلغانىنىڭ بەرىكەتلىرىدىن بىرى ئىخلاس قىلغۇچى قىلغان ئىشنى تېخىچە تولۇق تاماملىيالمىغان بولسىمۇ، شۇ ئەمەلنى تولۇق قىلغانىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىدۇر. بىز بۇ ھەقتە ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە دىققەت قىلايلى: ﴿كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقىپ، ئاندىن يېرىم يولدا (قىلغان ھىجرىتىنى تاماملاشتىن بۇرۇن) ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ چوقۇم بېرىدۇ. ئاللاھ

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

ناھــايىتى مەغپىــرەت قىلغۇچىـــدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

دېمــەك، مۇسۇلمان كىشــى ئەمەلنى تولــۇق تاماملىيالمىغان ياكى پەقەت قىلىشنى باشلىمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھقا بولغان خالىس نىيىتى تۈپەيلــى تولــۇق قىلغاننىڭ ئەجرىگە ئېرىــشەلەيدۇ. بۇنىــڭ مىساللىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايــەت قىلىنغــان.

ئەنەس ئىبنــى مالىــك رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكــى، ئــۇ زات مۇنــداق دەيــدۇ: بىــز پەيغەمــبەر ئەلەيھىســـسالام بىــلەن بىــرگە تەبــۇك غازىتىـــدىن قــايتتۇق. پەيغەمــبەر ئەلەيھىســـسالام: «شەكسىزكى، مەدىنىــدە قېلىپ قالغــان بىــر بۆلــەك كىشىلەر بــار. بىــز مەيلى چىغىــر يوللاردىن ياكى جىلغىلاردىن ماڭايلى، ئۇلارمــۇ (ئەجىر ـ مۇكاپاتتــا) بىــز بىــلەن بــاراۋەر. چۈنكــى، ئــۇلار پەقەت ئۆزرە سەۋەبلىك ئۇرۇشقا چىقالمىدى» دېدى[2].

ئەبى دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكــى، پەيغەمبــەر ئەلەيھىسسالام مۇنــداق دېگــەن: «كىمكــى كېچىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدا تەھەججۇد ئوقۇشنى نىــيەت قىلىــپ يېتىــپ، ئۇيقۇسىدىن ئويغىنالماي تاڭ ئېتىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا نىــيەت قىلغــان ئەمەلنىــڭ ئەجرى يېزىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگارىنىڭ سەدىقىسى بولىدۇ»[3].

[1] سۈرە نىسائ، 100 ـ ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىمام مۇنزىرىي «ئەتتەرغىيب ۋەتتەرھىيب» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى ياخشى دېگەن. ئىمام نەسائىي «سۈنەن»نىڭ «قىيامۇل لەيل» بابىدا رىۋايەت قىلغان، 3 ـ جىلد، 258؛ ئىبنى ماجە، «سۈنەن»، 1344؛ ئىبنى ھىببان، «سەھىھ»، 6 ـ جىلد، 2588.

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى چىن نىيەت بىلەن ئاللاھ تائالادىن شېھىتلىكنى تىلىسە، گەرچە ئۇ ئادەم كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئاللاھ ئۇنى شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە يەتكۈزىدۇ»[1].

يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى سەممىيەت بىلەن شېھىتلىكنى تىلىسە، ئەمەلىيەتتە شېھىتلىككە يېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا شېھىتلىك ماقامى بېرىلىدۇ»[2].

بۇ ئىككى ھەدىس دۈشمەن تەرەپتىنمۇ ئۆلتۈرۈلمەي، ھېچقانداق مۇسىبەتكىمۇ ئۇچرىماي كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە يېتىشى ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان سۈپەت ياكى شەرتنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ شەرت ياكى سۈپەت بولسا شېھىتلىكنى چىن نىيەت ۋە سەممىيەت بىلەن تىلەشتۇر. دېمەك، تىلىنىڭ ئۇچىدىلا شېھىتلىكنى تىلەپ قويغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى قەلبىدە سەممىي بولغان بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدا مۇھىم بولغىنى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ. ئىخلاسمەن كىشى بەزىدە مەلۇم بىر ئەمەلنى قىلىش ئارقىلىق رەببىگە قۇلچىلىق قىلماقچى بولۇپ، ئۇنى ئادا قىلىشتا خاتالىشىپ كېتىشى ۋە ئۆز لايىقىدا بېجىرەلمەسلىكى، ئاندىن ئۇنىڭ ياخشى نىيىتى سەۋەبلىك خاتالىقى توغرا قىلغان ھېسابلىنىپ، كەمچىلىكى تولۇقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇ ھەقتە سەھىھۇل بۇخارىي ۋە سەھىھ مۇسلىمدا بىر

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئىمام مۇسلىم ۋە ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، بىر ئادەم ئۈچ كېچە كەينى - كەينىدىن سەدىقە قىلىپ، قىلغان سەدىقىسىنى بىر قېتىم ئوغرىغا، بىر قېتىم پاھىشە ئايالغا، ئۈچىنچى قېتىم بولسا باي بىر ئادەمگە بېرىپ قويغان. لېكىن ئاللاھ ئۇنى قىلغان ھەممە سەدىقىسى ئۈچۈن ماختىغان. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزماقچى ۋە ئۇنى خۇش قىلماقچى بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ چۈشىدە يېنىغا بىرسىنى ئەۋەتىپ: «سېنىڭ ئوغرىغا بېرىپ قويغان سەدىقەڭگە كەلسەك، مەزكۇر ئوغرى بەلكىم ئوغرىلىقتىن ئۆزىنى تارتىشى مۇمكىن. پاھىشە ئايالغا كەلسەك، بەلكىم ئۇ زىنا قىلىشتىن توختىشى مۇمكىن. بايغا كەلسەك، باي بەلكىم (سېنى ئۈلگە قىلىپ) ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن مال - مۈلۈكتىن ياخشىلىق يوللىرىغا خەجلىشى مۇمكىن» دېگەن بېشارەتنى يەتكۈزگەن. ئۇنىڭ ياخشى نىيىتىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئاللاھ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇ سەدىقىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ۋە ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىنى زايە قىلىۋەتمىگەن. ئىخلاسمەنلەرنىڭ مۇكاپاتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

## نۇسرەت قازىنىش ۋە ئىلاھىي ياردەم

ئىخلاسنىڭ مېۋىلىرىدىن يەنە بىرى ئىخلاسمەن كىشىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن يېتەرلىك ياردەم بېرىلىدىغانلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ئاللاھ بەندىسىگە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟!﴾[1].

ئىنسانىنىڭ رەببىگە بولغان ئىخلاسى ۋە نىيىتىنىڭ ساپلىقىغا قاراپ ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، ئىشلىرىنى

[1] سۈرە زۇمەر، 36 - ئايەت.

سەرەمجانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ ۋە باشپاناھ بولىدۇ. شەكسىزكى، ياردەم ئىنسان قىلغان تەييارلىققا قاراپ بولىدۇ. ئاللاھنىڭ نۇسرەت بېرىش ۋە كۈچلەندۈرۈش ئارقىلىق ياكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن شارائىت هازىرلاپ بېرىش ۋە ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈپ بېرىش ئارقىلىق ياردەم بېرىشى قەلبلەردىكى نىيەتنىڭ خالىسلىقى ۋە ئىچكى دۇنياسىنىڭ ساپلىقىغا قاراپ بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى پەيغەمبەر! قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرگە ئېيتقىنكى، ئەگەر ئاللاھ دىلىڭلاردا ياخشىلىق بارلىقىنى بىلسە، سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن ئېلىنغان تۆلەمدىن ياخشىراق نەرسىنى بېرىدۇ. (ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭلارنى) مەغپىرەت قىلىدۇ﴾[1].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ مۆمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار ۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيەدە) دەرەخ ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلدى. ئاللاھ ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى) بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى﴾[2].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەق ـ تەلەپ ئىشلىرى توغرىسىدىكى مەشھۇر خېتىدە مۇنۇ سۆزى نەقىل قىلىنغان: «قانداق ئادەم گەرچە ئۆزى زىيان تارتىدىغان ئىش بولسىمۇ، ھەق ـ تەلەپ ئىشلىرىدا نىيىتىنى خالىس قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ.

---

[1] سۈرە ئەنفال، 70 ـ ئايەت.

[2] سۈرە فەتھ، 18 ـ ئايەت.

كىمكى ساختا قىياپەتتە يوقنى بار قىلىپ كۆرسەتسە، ئاللاھ ئۇنى رەسۋا قىلىدۇ».

ئىبنۇلقەييىم جەۋزىي رەھىمەھۇللاھ «ئىئلامۇل مۇۋەققىئىين» ناملىق كىتابىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ سۆزىنى شەرھلەپ مۇنداق دېگەن: «بۇ سۆز پەيغەمبەرنىڭ سۆزىگە ئوخشايدۇ، بۇ سۆز ئاللاھ تەرەپتىن ئىلھام قىلىنغان كىشىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىشقا لايىق سۆزدۇر. بۇ ئىككى جۈملە سۆز ئىلىم كانلىرىدىن چىققان سۆز بولۇپ، قانداق ئادەم مۇشۇ ئىككى سۆزنى جايىدا ئىشلىتەلىسە، باشقىلارغىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ. بىرىنچى سۆز ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى ۋە تۈپ يىلتىزىنى، ئىككىنچى سۆز بولسا يامانلىقنىڭ تۈپ يىلتىزى ۋە تارماقلىرىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. شەكسىزكى، بەندىنىڭ نىيىتى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس، مەقسىتى، نىشانى ۋە ئەمىلى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا تەقۋادارلار ۋە ئېھسان قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. تەقۋالىق ۋە ئېھساننىڭ ئاساسى ھەقنى بەرپا قىلىشتا نىيەتنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىدىن غالىبتۇر. ئاللاھ تائالا بىللە بولغان ئادەمنى يېڭەلەيدىغان ياكى ئۇنىڭغا يامانلىق يەتكۈزەلەيدىغان كىم بار؟ ئەگەر ئاللاھ بەندىسى بىلەن بولسا، ئۇ بەندە كىمدىن قورقىدۇ؟ ئەگەر ئاللاھ ئۇنى تاشلىۋەتسە، ئۇ كىمدىن ئۈمىد كۈتىدۇ؟ كىمگە ئىشىنىدۇ؟ ئاللاھتىن باشقا ئۇنىڭغا كىم ياردەم بېرىدۇ؟».

بەندە ئالدى بىلەن ئۆزىگە، ئاندىن باشقىلارغا ھەققانىيەت بىلەن تۇرسا، ئاندىن قىلغان ئىشى ئاللاھنىڭ ياردىمى ئاستىدا ۋە ئاللاھ ئۈچۈن بولسا، ئۇنىڭغا ھېچنەرسە

قارشى تۇرالمايدۇ. ئاسمانلار، زېمىن ۋە تاغلار ئۇنىڭ ئۈستىگە يىقىلغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا ياردەم بېرىدۇ، ئۇنىڭغا كەڭچىلىك ۋە چىقىش يولى بېرىدۇ. شەكسىزكى، بەندە مۇشۇ ئۈچ ئىشقا ياكى ئۇنىڭ ئىككىسىگە ۋە ياكى بىرەرسىگە سەل قاراپ سۇسلۇق قىلسا، خاتا قىلىپ سالسا ياردەم بېرىلمەيدۇ. ئۆتكۈنچى ياردەمگە ئېرىشكەندەك قىلسىمۇ قىلغان ئىشىنىڭ نەتىجىسى چىقماي، مالامەتكە ئۇچراپ ياردەمسىز قالىدۇ. گەرچە توغرا قىلغان بولسىمۇ، ئاللاھ ئۈچۈن قىلماي، پەقەت مەدھىيەگە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن، مەخلۇقلارنىڭ رەھمەت ئېيتىشى ۋە مۇكاپاتلىشى ئۈچۈنلا قىلغان بولسا ياكى قانداقتۇر بىر دۇنيالىق غەرەزگە ئېرىشىش ئۈچۈن قىلغان بولسا، ئەسلىي مەقسىتى شۇ، ئەمما ھەقنى بەرپا قىلىش ئۇنىڭغا ۋاسىتە بولغان بولسا، بۇنداق ئادەم يەنىلا ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا پەقەت ئۆز يولىدا كۈرەش قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلغان ئادەمگە نۇسرەت بېرىشكە كېپىل بولغان. ئۆزى ۋە ھاۋايى - ھەۋىسى ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغان ئادەمگە نۇسرەت بېرىشكە كېپىل بولغىنى يوق. چۈنكى، بۇنداق ئادەم تەقۋادارلاردىن ۋە ئېھسان قىلغۇچىلاردىن بولالمايدۇ. ياردەم بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، پەقەت ئۇنىڭدا بار بولغان ھەققە تۇشلۇق بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ پەقەت ھەقكىلا ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭدەك، بىر دۆلەت كاپىرلارنىڭ قولىدا بولسا، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ياردەم پەقەت ئۇلاردا بولغان غەيرەتكە تۇشلۇق بولىدۇ. غەيرەت داۋاملىق ياردەمگە ئېرىشىدۇ. ئەگەر غەيرەتلىك كىشى ھەققانىيەتچى بولسا، ئۇنىڭ ياردەمگە ئېرىشىشى مۇقەررەر. ناۋادا يولسىز بولسا، دەماللىققا ياردەم

بىرىلگەندەك قىلىسمۇ، ئاخىرقى غەلىبە ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولمايدۇ. ناۋادا بەندە ئاللاھ ئۈچۈن ھەق ئۈستىدە تۇرۇپمۇ ئۆزگە ۋە كۈچىگە زىيادە ئىشىنىپ كەتكەن بولسا، ئاللاھتىن ياردەم تىلەپ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ، ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، «ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ» دېگەن ئىدىيەدە تۇرمىغان بولسا، ئۇ ھامىنى مەغلۇپ بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ياردەممۇ ئاجىز بولىدۇ. ھالقىلىق مەسىلە شۇكى، تەۋھىدچىلەرنىڭ نىيىتى ساپ بولسا، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ھېچنەرسە قارشى تۇرالمايدۇ. بۇنداق ساپ نىيەتلىك كىشىگە دۈشمەنلەر توپى كەينى ـ كەينىدىن ھۇجۇم قىلغان تەقدىردىمۇ داۋاملىق ياردەم بېرىلىدۇ.

ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ئەسەردە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھنى رازى قىلىمەن دەپ كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە. كىمكى ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ كىشىلەرنى رازى قىلىمەن دەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنى كىشىلەرگە تاشلاپ قويىدۇ»[1].

## ئېغىر كۈنلەر ۋە قىيىن پەيتلەردىكى ئاللاھنىڭ ياردىمى

ئىخلاسنىڭ مېۋىلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، ئاللاھ ئىخلاسمەن كىشىگە ئۆز ياردىمى بىلەن مەدەت بېرىدۇ، ئۇنى ئۇخلاپ قالمايدىغان كۆزى بىلەن مۇھاپىزەت قىلىدۇ، بېشىغا خاپىلىق كېلىپ، قىيىنچىلىقتا قالغان چاغدا يالغۇز قويمايدۇ، دۇئاسىنى

[1] ئىبنۇلقەييىم جەۋزىي: «ئىئلامۇل مۇۋەققىئىين»، 2 ـ جىلد، 159ـ160 ـ بەتلەر.

ئەجابەت قىلىدۇ، ئىنداسىغا قۇلاق سالىدۇ، غەم ـ قايغۇسىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە ئاجايىپ بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنغان بولۇپ، بىر تۈركۈم مۇشرىكلارنى دېڭىزدا كېمە ئېلىپ مېڭىۋاتقاندا بىردىنلا شامال كۈچىيىپ كېتىپ، ئۇلارنى تەرەپ ـ تەرەپتىن دولقۇنلار قورشىۋالىدۇ. ئاندىن ئۇلار شۇنداق قىيىن پەيتتە سەممىيەت ۋە ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ. گەرچە ئۇلار دېڭىز دولقۇنىدىن ساق ـ سالامەت قۇتۇلۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىۋالغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئىخلاسى سەۋەبلىك دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدۇ: ﴿ئاللاھ تائالا سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا (يەنى ئۇلاغلار ئۈستىدە)، دېڭىزدا (يەنى كېمىلەر ئۈستىدە) سەپەر قىلدۇرىدۇ. سىلەر ئولتۇرغان كېمە مەيىن شامالدا كىشىلەرنى ئېلىپ مېڭىۋاتقان ۋە (بۇ) شامالدىن ئۇلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا بىردىنلا بوران چىقىپ (كېمە ئۈزۈلىدۇ)، ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ ۋە ئەمدى قورشىۋېلىنغانلىقىغا (يەنى ھالاك بولىدىغانلىقىغا) جەزم قىلىدۇ، (دەل ئاشۇنداق قىيىن پەيتتە ئۇلار چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىنى تاشلاپ) ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز، دەپ چىن كۆڭلىدىن ئىلتىجا قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى (ئۇ بالادىن) قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن ئۇلار يەنە يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ﴾[1].

شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنى قۇتۇلدۇردى ۋە ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى

[1] سۈرە يۇنۇس، 22ـ23 ـ ئايەتلەر.

ئەجابەت قىلدى. چۈنكى، ئۇلار ﴿ئاللاھقا سەمىمىيەت بىلەن دۇئا قىلدى﴾. ئۇلار ئاشۇ قىيىن پەيتتە ھەقىقەتەنمۇ ياراتقۇچىسىنى تونۇيدىغان ئەسلىدىكى تۇغما تەبىئىتىگە قايتقان، ئاللاھتىن باشقا ساختا ئىلاھلار ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ خىيالىدا پەقەت ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىشقا تېگىشلىك ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلتىجا قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئاللاھلا قالغان ئىدى.

ئىخلاسنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئادەمنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردىمى بولىدىغان ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ گەۋدىلىك مىسال بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن غارغا قاپسىلىپ قالغان ئۈچ كىشىنىڭ ۋەقەلىكىدۇر.

زېمىننىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىخلاسمەن كىشىلەردىن خالىي قالمايدىغانلىقى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىدىندۇر. چۈنكى، ئىخلاسنىڭ مەنىۋى ھاياتقا نىسبەتەن زۆرۈرلۈكى گوياكى ماددىي ھاياتقا نىسبەتەن سۇ ۋە ھاۋا بولمىسا بولمىغىنىغا ئوخشايدۇ. تارىخ قەدىمدىن تارتىپ مىسال ئېلىشقا ۋە كىشىلەرگە نەمۇنە بولۇشقا ئەرزىگۈدەك دەرىجىدە ئىخلاسنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ئاجايىپ قالتىس ۋەقەلىكلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. بىز بۇ يەردە ئىبرەت ۋە ئۈلگە بولۇشى ئۈچۈن مەزكۇر ۋەقەلىكلەردىن ئازراق بىر قىسمىنى سۆزلەپ ئۆتۈشنى ياخشى دەپ قارايمىز.

ھافىز مۇنزىرىي «ئەتتەرغىيب ۋەتتەرھىيب» ناملىق كىتابىنى ئىخلاسمەن، سەمىمىي ۋە ياخشى نىيەتلىك بولۇشقا قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق باشلىغان بولۇپ، غارغا قاپسىلىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ۋەقەلىكى سۆزلەنگەن ھەدىسنى كىتابىنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەن. بۇ ۋەقەلىكنى بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلەپ بەرگەن

بولۇپ، بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ زات مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈچ كىشى سەپەرگە چىقىپ قونالغۇغا چۈشۈش ئۈچۈن بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرگەندە، تاغدىن بىر قورام تاش دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالىدۇ. ئۇلار: بۇ تاشتىن بىزنى پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمىزنى تىلغا ئېلىپ ئاللاھقا قىلغان دۇئالىرىمىزلا قۇتقۇزالايدۇ، دېيىشىدۇ. ئۇلاردىن بىرى: ئى ئاللاھ! مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا ـ ئانام بار ئىدى. مەن داۋاملىق ئاتا ـ ئانامنى باشتا غىزالاندۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن بالا ـ چاقىلىرىمنى ۋە خىزمەتكارلىرىمنى غىزالاندۇراتتىم. بىر كۈنى ماللىرىمنى ئوت ـ چۆپ مول يەردە باقمەن دەپ ئۆيدىن يىراقلاپ كېتىپ قېلىپ، بەك كەچ قايتىپ كەلدىم. ئاتا ـ ئانامنى غىزالاندۇرۇش ئۈچۈن ماللىرىمنى سېغىپ كەلسەم، ئۇلار ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ قالغان ئىكەن. مەن ئۇلارنى ئويغىتىشنى لايىق كۆرمىدىم. ئائىلەمدىكىلەر بىلەن خىزمەتكارلىرىمنى ئۇلاردىن بۇرۇن غىزالاندۇرۇشنى تېخى خالىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن قاچا قولۇمدا ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. ھەتتاكى تاڭ يورۇپ كەتتى. شۇ ئەسنادا كىچىك باللىرىم ئاچلىقتىن پۇتۇمغا ئېسىلىپ يىغلىشاتتى. كېيىن ئاتا ـ ئانام ئويغىنىپ سۈتلىرىنى ئىچتى. ئى ئاللاھ! ئەگەر ئاشۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن، دەپ يالۋۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاش ئازراق كۆتۈرۈلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئۇ يوچۇقتىن چىقىپ كېتەلمەيتتى.

يەنە بىرى: ئى ئاللاھ! بىر تاغامنىڭ مەن ئىنتايىن ياخشى

كۆرىدىغان بىر قىزى بار ئىدى. مەن ئۇ قىز بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلسام، ئۇ مېنى رەت قىلدى. كېيىن قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولغان بىر يىلى بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشۈپ يېنىمغا كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا تەلپىمگە قوشۇلۇش شەرتى بىلەن 120 تىللا بەردىم. ئۇ تەلپىمگە ماقۇل بولدى. مەن ئۇنىڭغا خالىغىنىمنى قىلالايدىغان هالەتكە كەلگەن چاغدا ئۇ ماڭا:

ـ ئاللاهتىن قورققىن، ئالدى بىلەن شەرىئەت ئەهكاملىرىنى ئادا قىلىپ، ئاندىن مەن بىلەن بىر تۆشەكتە بولغىن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا چېقىلىش نىيىتىمدىن ياندىم. ۋاهالەنكى، ئۇ قىز مەن ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا بەرگەن ئالتۇنلاردىنمۇ كەچتىم. ئى ئاللاھ! مەن شۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن، دەيدۇ. تاش يەنە ئازراق كۆتۈرۈلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆڭكۈردىن يەنىلا چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

ئۈچىنچى كىشى مۇنداق دەيدۇ: ئى ئاللاھ! مەن ئىلگىرى بىر مۇنچە ئىشلەمچىلەرنى ئىشلەتكەن ئىدىم. ئىش هەققىنى ئالماي كەتكەن بىر ئادەمدىن باشقا هەممىسىنىڭ ئىش هەققىنى تولۇق بەردىم. ئىش هەققىنى ئالماي كەتكەن مەزكۇر ئادەمنىڭ هەققىنى سەرمايە قىلىپ ئىشلەتتىم. ئۇنىڭ ماللىرى كۆپىيىپ كەتتى. مەزكۇر ئادەم بىر زامانلاردىن كېيىن يېنىمغا كېلىپ:

ـ ئى ئاللاهنىڭ بەندىسى! ئىش هەققىمنى بەرگىن، ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

ـ كۆز ئالدىڭدىكى تۆگە، كالا، قوي ۋە قۇل قاتارلىق ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ هەممىسى سېنىڭ ئىش هەققىڭ، ـ دېدىم.

ئۇ:

ــ ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! مېنى مەسخىرە قىلمىساڭچۇ، ــ دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

ــ سېنى مەسخىرە قىلمىدىم، ــ دېدىم. ئاندىن ئۇ ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ھەممىنى ئېلىپ كەتتى. ئى ئاللاھ! ئەگەر مەن شۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قىلغان بولسام، بىزدىن بۇ تاشنى كۆتۈرۈۋەتكىن، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاش كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقىپ كېتىدۇ»[1].

## جەمئىيەتلەرنىڭ قۇتۇلۇشى ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ تۈزىلىشى

شەكسىزكى، ئىخلاسنىڭ مېۋىسى پەقەت ئاخىرەتكىلا چەكلىك ئەمەس. بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، بىز ئىخلاسمەنلىكنى پەقەت ئەمەللىرىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل بولۇشى ئۈچۈن، بۇ دۇنيادا ئىنسانلاردىن يىراقلىشىپ تۇرۇپ ئاخىرەتتە جەننەتكە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈنلا تەلەپ قىلمايۋاتىمىز. بىزنىڭ تەلەپ قىلغىنىمىز بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى بولۇپ، ئىخلاس بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ توغرا بولۇشى، ھەققانىيەتنىڭ بەرپا بولۇشى، زۇلۇم ــ ستەملەرنىڭ يوقىلىشى ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ تۈرلۈك پىتنە ــ پاساتلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈنمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىخلاس شەخسىي ئىبادەتكىلا بېكىنىۋالغان، نىفاق ئاشكارا بولغان، مۇناپىقلارنىڭ ئاۋازى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىشلىرى راۋاجلانغان چاغدا كىشىلىك ھايات بۇزۇلىدۇ، ئۆلچەملەر

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

قالايمىقانلىشىدۇ. شەكسىزكى، بۇ مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ شەھۋەتلىرىنى قاندۇرۇش ۋە مۇشۇ دۇنيادىلا نەق قولغا كېلىدىغان ماددىي مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان چۈپرەندىلەرنى كاتتا قەھرىمان، شەيتانلارنى پەرىشتە، ئوغرى - يانچۇقچىلارنى ئەڭ ئېسىل كىشىلەر قىلىپ كۆرسىتىپ، ھەقىقىي ئېسىل كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىپ، ئىشەنچلىك كىشىلەرنى خىيانەتچى دەپ قارىلاشتىن، گۇناھسىز كىشىلەرگە يالغان چاپلاشتىن، شەيتان سۆيىدىغىنى سۆ، دوستنى دۈشمەن قىلىپ كۆرسىتىشتىن يانمايدۇ. بىز بۇ ئىشلارنى قەدىمقى زاماندىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا كۆرگەن بولساق، بۈگۈنكى كۈندە بىر قىسىم ئاخباراتچىلاردا كۆرۈۋاتىمىز.

شەكسىزكى، دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى مال - مۈلۈك، يۈز - ئابرۇي، ئەمەل - مەنسەپ ۋە داڭ قازىنىشتىن ئىبارەت ساختا كۆرۈنۈشلەرگە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىش ھەرقايسى يۇرتلاردا چەكتىن ئېشىپ، بۇزۇقچىلىقنى كۆپ قىلىدىغان مۇشتۇمزورلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇلارغا ئىمكانىيەت يارىتىپ، ئورۇن ھازىرلاپ بەرگەنلەر دەل ئۆزلىرىگە ئوخشاش مۇناپىقلار بولۇپ، بۇلار ئەنە شۇ مۇشتۇمزورلارغا خۇشامەت قىلىدۇ، بۇزۇقچىلىقلىرىنى ئاقلايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق سۆزلىرىنى ھېكمەت دۇردانىلىرى، ئىش - ھەرىكەتلىرىنى قەھرىمانلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

شەك - شۈبھىسىزكى، ئىخلاسمەنلەر كىشىلەر ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ ئۈچۈن ئورنىدىن دەس تۇرمىسا، ھاۋايى - ھەۋەس ئۈچۈن ئەمەس، ھەققانىيەت ئۈچۈن ئەمەل قىلمىسا، پالان - پۇستانىنىڭ سۆزى ئۈستۈن بولۇشى ئۈچۈن

ئەمەس، ئاللاھنىڭ سۆزى ئۈستۈن بولۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلمىسا، بارچە خەلق نابۇت بولۇپ كېتىشتىن، زىيانكارلىقتىن ۋە پىتنە - پاساتتىن ھەرگىزمۇ قۇتۇلالمايدۇ.

شەكسىزكى، تامامەن قۇتۇلۇش پەقەت ئىخلاس بىلەنلا روياپقا چىقىدۇ.

# ئىخلاسنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى

ئاللاھقا يۈزلەنگەن مۇسۇلماننىڭ نىيىتىنىڭ خالىس، ئەمىلىنىڭ ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان بىرقانچە تۈرلۈك ئىش بار بولۇپ، بۇلار پىسخىك ئامىللار، روھىي ئامىللار، ئىدىيەۋى ئامىللار ۋە ئەمەلىي تەرەپلەردۇر. ناۋادا مۇشۇ تەرەپلەر مۇكەممەل، مۇستەھكەم بولسا، بۇ ئاللاھقا يۈزلەنگۈچىلەرنىڭ ئەقلى ۋە ۋىجدانىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئىخلاسمەنلەرنىڭ يولىدا مېڭىشقا ئۈندەيدۇ. نەپسىنى ئازاد قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللارنى شەخسىي ۋە دۇنيالىق غەرەزلەردىن ساپلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

## چوڭقۇر ئىلىم

ئىنسانىنىڭ ئىخلاسمەن بولۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئەمەل قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىنچىسى ئىنسان شۇنداق بىر ئىلىم ئۆگىنىشى زۆرۈركى، ئۇ ئىلىم ئۇنىڭغا ئىخلاسنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ۋە دىنىي ئەمەللەردىكى زۆرۈرلۈكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى پايدىلىرىنى، ئاللاھنىڭ ھەرقانداق ئەمەلنى ئىخلاسسىز قوبۇل

قىلمايدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ بەندىلەرنىڭ قەلبلىرىدىكى سىر ۋە مەخپىيەتلىكلەرنىمۇ بىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: ﴿ئى رەببىمىز! سەن ھەقىقەتەن بىز مەخپىي قىلغان ۋە ئاشكارا قىلغان بارلىق ئىشلارنى بىلىسەن. ئاللاھقا زېمىندا ۋە ئاسماندا ھېچنەرسە مەخپىي قالمايدۇ﴾[1]، ئاللاھنىڭ ھەرقانداق ئاشكارا ۋە مەخپىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدىغانلىقىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى چىن ھەقىقەت ھالىتىگە كەلتۈرەلەيدۇ.

بۇنداق ئىلىم قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىستىكى بايانلارنى، سالىھلارنىڭ سۆزلىرىنى قايتا - قايتا ئوقۇش بىلەن، رىياكارلىقنىڭ، يۈز - ئابرۇي، نام - شۆھرەت ۋە مال - دۇنيا ھېرىسمەنلىكىنىڭ خەتىرىدىن ئېھتىيات قىلىش بىلەنلا مۇكەممەللىشىدۇ. ئىنساننىڭ كۆڭلىدىكى بۇ ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇرلىشىشى نەپسىنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلەردىن ۋە دۇنيانىڭ شەھۋەتلىرىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

شەكسىزكى، ئىخلاسنىڭ مەرتىۋىسىمۇ باشقا رەببانىي ئەخلاقلارغا ئوخشاش ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ:

1 - ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئاڭ - ئىدراكقا تەئەللۇق ئامىل.

2 - ۋىجدان ۋە ھېسسىياتقا تەئەللۇق ئامىل.

3 - ئەمەل ۋە ئىرادىگە تەئەللۇق ئامىل.

بۇنى ئىمام غەززالىي «ئەلئىھيائ» ناملىق كىتابىدا ئىلىم، ھال ۋە ئەمەلدىن تەركىب تاپقان بىركىمە دەپ ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] سۈرە ئىبراھىم، 38 - ئايەت.

شەكسىزكى، بۇ ئامىللارنىڭ تۈنجىسى ئىلىم ـ مەرىپەتتۇر. چۈنكى، ئىلىم بارلىققا كېلىشتە ھەممىدىن بۇرۇن بولىدۇ. ئىنسانىنىڭ ئۆزى چۈشەنمەيدىغان ۋە بىلمەيدىغان نەرسىگە يۈزلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ياخشى كۆرۈش ۋە قىزىقىش ياكى ئۆچ كۆرۈش ۋە قورقۇنۇشتىن ئىبارەت مەنىۋى يۈزلىنىش مەرىپەت ۋە ئاڭنىڭ سەمەرىسىدۇر. ئىنسانىنىڭ مەرىپىتى قانچىكى كۈچىيىپ، ئىلمى چىنىپۇتۇش دەرىجىسىگە يېتىپ بارغانغا قەدەر چوڭقۇرلىسا، بۇ ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ئىنسانىنىڭ ۋىجدانىغا بولغان تەسىرىمۇ تېخىمۇ كۈچلۈك ھەم چوڭقۇر بولىدۇ. دېمەك، ئىنسان دەسلەپتە تونۇيدۇ، ئاندىن تەسىرلىنىدۇ، ئاخىرىدا ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ. بۇ بولسا قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدە ئىشارە قىلغان ئۇقۇمدۇر: ﴿ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قۇرئانىنىڭ پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىشلىرى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشلىرى، ئاندىن دىللىرىنىڭ قۇرئانغا بويسۇنۇشلىرى ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر﴾[1].

بۇ ئايەتتىكى «ئاندىن» دېگەن باغلاش قوشۇمچىسى تەرتىپنى ۋە بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئىلىم بېرىلگەنلەر ئاۋۋال قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە بۇ ئىلىمدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىشىنىش بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ئىشىنىشتىن كېيىن ئۇلارنىڭ قەلبلىرى ئاللاھقا بويسۇنۇش ۋە ئەيمىنىش ئارقىلىق ھەرىكەت بارلىققا كېلىدۇ.

[1] سۈرە ھەج، 54 ـ ئايەت.

# ئىخلاسمەن كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش

ئىخلاسمەنلىككە ياردەم بېرىدىغان ئامىللاردىن بىرى ئىخلاسمەن كىشىلەرنى ئۈلگە قىلىش، ئۇلاردىن ئۆگىنىش، ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەمسۆھبەت بولۇش، بىرگە ياشاش ۋە ئۇلار نەدە بولسا شۇ يەردە ياشاشتۇر. چۈنكى، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىش ياخشىلىق، ئۇلارغا ئوخشاش بولۇش نىجاتلىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمسۆھبەت بولۇپ بىرگە ئولتۇرۇپ - قوپقان ئادەمنىڭ ئۆز ھەمراھىغا بولغان تەسىرىنى ناھايىتى يارقىن رەۋىشتە تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، ياخشى ھەمراھ بىلەن يامان ھەمراھنىڭ مىسالى ئىپار ساتقۇچى بىلەن تۆمۈرچىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچى (غا ھەمراھ بولساڭ) ئۇ ساڭا يا ئىپار ھەدىيە قىلىدۇ، يا ئۇنىڭدىن ئىپار سېتىۋالىسەن، يا ھېچبولمىسا ئۇنىڭدىكى ئىپارنىڭ خۇشپۇرىقىنى پۇرىۋالىسەن. تۆمۈرچىگە كەلسەڭ، يا ئۇ كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ، يا ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقىنى پۇرايسەن»[1].

يەر يۈزىنىڭ ھېچقاچان مۇشۇنداق سالىھ كىشىلەردىن خالىي قالماسلىقى ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان رەھمىتىدىندۇر. شۇڭا ئاخىرەت ئۈچۈن ئەمەل قىلىدىغان كىشى كۈچىنىڭ يېتىشىچە مۇشۇنداق كىشىلەرنى ئىزدىشى ۋە ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشى لازىم. چۈنكى، ئۇلار بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق تەرىپلەنگەن: «ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلارمۇ بەختسىز بولمايدۇ»[2].

---

[1] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

[2] بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

ئاقىللار، شائىرلار ۋە ئەدىبلەرمۇ سالىھلارغا ھەمسۆھبەت بولۇشنى ۋە ھەمسۆھبەت بولغۇچىلارنى خىلمۇخىل ئىبارىلەر بىلەن تەرىپلەشكەن. بىر شائىر مۇشۇ ھەقتە مۇنداق شېئىر ئېيتقان:

*بىلمەك بولساڭ بىرىنى گەر، دوستىنى سورا،*
*چۈنكى، ھەركىم ئۆلپەتداش دوستىدەك بولار.*

شۇنىڭدا شەك يوقكى، ئىخلاسقا تۈرتكە بولىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھ ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن، جانلىرى ۋە ماللىرىنى ئاللاھ ئۈچۈن سېتىۋەتكەن ئىخلاسمەن كىشىلەرگە ھەمسۆھبەت بولۇشتۇر. بۇنداق ئادەملەر سەن بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ھەمسۆھبەت بولىدۇ، سېنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ، سەنمۇ ئۇلارنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىسەن. ئۇلار سەن باي چېغىڭدا يېپىشىدىغان، نامراتلاشقىنىڭدا يۈز ئۆرۈيدىغان ئاچكۆز چىۋىنلار ۋە گۈلخان پەرۋانىلىرىدەك كىشىلەر ئەمەس.

بۇلار بولسا ئاللاھ تائالا مۇنۇ سۆزىدە ئۆز پەيغەمبىرىنى سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولۇشقا، كۆزگە ئىلماي قالماسلىققا بۇيرۇغان كىشىلەردۇر: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن سەۋرچان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇزىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن. بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگەشكەن، ئىشى چەكتىن

ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن﴾[1].

بۇنداق كىشىلەرگە ھەمراھ بولغانلار چوقۇم شۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، شۇلاردىن ئۆگىنىدۇ، شۇلارنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىك ئىش ـ ئىزلىرى ۋە ئەمەللىرىگە قاراپ ئىبسىل پەزىلەتلىرىدىن ئۈرنەك ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىلگىرىكى ئالىملار مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىر ئادەمنىڭ مىڭ ئادەم ئوتتۇرىسىدا قىلغان ئىشى مىڭ ئادەمنىڭ بىر ئادەمگە نەسىھەت قىلغىنىدىن ئېشىپ كېتىدۇ». ئۇلار بۇ سۆزىدە بىر ئادەمنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى، ئەخلاقى ۋە ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتقان.

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «ئىككى مۆمىن قېرىنداشنىڭ مىسالى ئىككى قولنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئىككى قولنىڭ بىرى يەنە بىرىنى يۇيىدۇ. ئىككى مۆمىن ئۆزئارا ئۇچرىشىپلا قالسا، ئاللاھ ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەربىرىگە يەنە بىرىنىڭ پايدىسىنى يەتكۈزىدۇ».

مۇھىمى ئۆزۈڭ يالغۇز ياشىما! تەركىدۇنيالىق قازىنىقىغا كىرىپ، راھىبلىق تۇرمۇشىغا بېكىنىۋالما! چۈنكى، ئىسلامدا راھىبلىق يوق. كىشىلەرگە ئارىلىشىپ، ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىپ ياشايدىغان مۆمىن كىشىلەرگە ئارىلاشماي، ئەزىيىتىنىمۇ كۆرمەي ياشىغان مۆمىندىن ياخشىراقتۇر. ياخشىلىق ۋە رەھمەت جامائەت بىلەن بىرگە بولىدۇ. يالغۇز ياشايمەن دەپ جامائەتتىن ئايرىلىۋالغانلار ھالاك بولۇپ، زاۋال تاپىدۇ. ئاللاھنىڭ قولى جامائەت بىلەن بىللىدۇر. قانداق ئادەم بۆلۈنۈپ چىقىۋالسا، ئوتقا چىقىۋالغان بولىدۇ. يالغۇز كىشىنىڭ ھەمراھى شەيتاندۇر. شەيتان يالغۇز ئادەمگە قارىغاندا ئىككى كىشىدىن يىراقراق

---

[1] سۈرە كەھف، 28 ـ ئايەت.

بولىدۇ. توپتىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يەيدۇ. شەيتان ئىنساننىڭ بۆرىسىدۇر. ئىنسان ئۆزى يالغۇز ئاز، قېرىنداشلىرى بىلەن كۆپتۇر. جامائەت ئىتائەتكە كۈچ قوشىدۇ، گۇناھ ـ مەسىيەتتىن ساقلىنىشقا ياردەمچى بولىدۇ.

شۇڭا قېرىنداشلىرىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ تونۇشقىن، قولۇڭنى ئۇلارنىڭ قوللىرى ئۈستىگە قويغىن، ئەخلاقىنى ۋە ئىلمىنى ئۆگەنگىن، ئۇلار بىلەن ياخشىلىق ۋە تەقۋالىقتا ھەمكارلاشقىن، ئۇلار بىلەن ھەقكە ۋە سەۋرگە تەۋسىيە قىلىشقىن، ئۇلار بىلەن مەسچىتلەردە، ياخشىلىق ئورۇنلىرىدا، ئىلىم سورۇنلىرىدا، دەۋەت مەيدانلىرىدا تونۇشقىن. يەر يۈزى ھېچقاچان شۇنداق سالىھ كىشىلەردىن خالىي قالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ياراتقان ئىنسانلار ئىچىدە ھەق يولغا دەۋەت قىلىدىغان ۋە ھەقتە چىڭ تۇرىدىغان بىر ئۈممەت بار﴾[1]. يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر﴾[2].

باشقىلارنى ھەقكە تەۋسىيە قىلغىن، باشقىلارنىڭ ساڭا قىلغان نەسىھەتلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغىن. بۇ دۇنيادا نەسىھەتكە ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان مۆمىن يوق، نەسىھەت قىلمىسىمۇ بولىدىغان مۆمىن تېخىمۇ يوق. مانا بۇ بىر ـ بىرىگە نەسىھەت قىلىشنىڭ مەنىسى بولۇپ، نەسىھەتنىڭ ھەر ئىككى تەرەپتىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىن ئەرلەر ۋە

[1] سۈرە ئەئراف، 181 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەسر، 1ـ3 ـ ئايەتلەر.

مۆمىن ئاياللار ئۆز ـ ئارا قېرىنداشتۇر﴾[1].

ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «مۆمىن مۆمىننىڭ ئەينىكىدۇر»[2].

## ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇش

ئىخلاسمەنلىككە ياردىمى بولىدىغان تۈرتكىلىك ئىشلاردىن يەنە بىرى ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە يولىنى ئۇلگە قىلىپ مېڭىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇپ، ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشتۇر. ئاللاھقا يۈزلەنگۈچىلەر ناۋادا ھەمسۆھبەت بولۇش ئۈچۈن تىرىك ئىخلاسمەن كىشىلەرنى تاپالمىسا، ھېچبولمىسا ئۆلۈپ كەتكەن ئىخلاسمەنلەرگە ھەمسۆھبەت بولۇشى لازىم. چۈنكى، ئەخلاق دېگەن ئىدىيەگە ئوخشاش ئىگىسى بىلەن تەڭ ئۆلمەيدۇ.

مۇشۇنداق ئوقۇشمۇ ھەمسۆھبەت بولۇش ۋە بىرگە ياشاشنىڭ بىر تۈرىدۇر. لېكىن بۇ ئىدىيە ۋە مەنىۋىيەتتىكى ھەمسۆھبەت بولۇش، روھىي ۋە ئىمانىي جەھەتتە بىرگە ياشاشتۇر.

بىزنىڭ ئىلمىي مىراسلىرىمىز ئىچىدە ئوقۇغان ئادەم تەسىرلەنمەي تۇرالمايدىغان ئىخلاسمەنلەرنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ـ ئىزلىرى خېلى كۆپ ئىكەنلىكى ئاللاھنىڭ پەزلى مەرھەمىتىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلەپ بەرگەن، غارغا قاپسىلىپ قالغان ئۈچ كىشىنىڭ ۋەقەلىكىمۇ ئەنە شۇ نەمۇنىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئەينى چاغدا بىر قورام تاش ئۇلار كىرگەن غارنىڭ

---

[1] سۈرە تەۋبە، 71 ـ ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارىي ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ئىغىزىنى توسۇۋالغان. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئىلگىرى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلغان ياخشى ئەمەلىدىن باشقا ھېچنەرسە ئۇلارغا ئەسقاتمىغان. شۇڭا ئۇلار ئەنە شۇ ياخشى ئەمەللىرىنى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئاللاھتىن ئۆزلىرىنى ئاشۇ خاپىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى ئۆتۈنۈپ سورىغان ۋە ئۇلاردىن ھەربىرى: «ئى ئاللاھ! ئەگەر مەن شۇ ئەمەلنى سېنىڭ رازىلىقىڭنى كۆزلەپ قىلغان بولسام، بىزدىن بۇ خاپىلىقنى كۆتۈرۈۋەتكىن!» دەپ يالۋۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى خاپىلىقتىن قۇتۇلدۇرغان ۋە ئىخلاسى تۈپەيلى ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالدىن خالاس قىلغان. بىز ئىلگىرى بۇلارنىڭ ۋەقەلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتتۇق[1].

بۇ نەمۇنىلەرنىڭ يەنە بىرى ئىمام نەسائىي «سۈنەن»دە شەدداد ئىبنى ھاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ۋەقەلىك بولۇپ، تاغلىق ئەرەبلەردىن بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىمان ئېيتىپ، بەيئەت بەرگەن. ئاندىن: مەنمۇ سەن بىلەن ھىجرەت قىلىمەن، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ بىرىگە ئۇنىڭغا ياخشى قاراشنى بۇيرۇغان.

غازات بولغان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىيمەت ئالغان بولۇپ، غەنىيمەتلەرنى ساھابىلىرىگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، مەزكۇر ساھابىگىمۇ غەنىيمەتتىن بىر ئۈلۈش ئېلىپ قويغان. ئۇ كىشى ساھابىلەرنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىغا قارايتتى. ئۇ كەلگەن چاغدا ساھابىلەر ئۇنىڭ ئۈلۈشىنى بەرگەن. ئۇ:

ـ بۇ نېمە؟، ـ دەپ سورىغان. ساھابىلەر:

---

[1] 136ـ138 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

— بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا بۆلۈپ بەرگەن نېسىۋەڭ، — دېگەندە، ئۇ ئۈلۈشنى قولىغا ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «بۇ سېنىڭ نېسىۋەڭ» — دەپ جاۋاب بەرگەندە:

— مەن ساڭا بۇنى دەپ ئەگەشمىدىم. مەن ساڭا بۇ يەرگە ئوق يەپ ئۆلۈپ، جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئەگەشتىم، — دەپ بوغۇزىنى كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «ئەگەر سەن ئاللاھقا سادىق بولساڭ، ئاللاھمۇ ساڭا سادىق بولىدۇ (يەنى ئەگەر سەن مۇشۇ گېپىڭنى سەمىمىيەت بىلەن دېگەن بولساڭ، ئاللاھ سېنى مەقسىتىڭگە يەتكۈزىدۇ)» — دېگەن.

ئارقىدىنلا ساھابىلەر دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇمغا ئاتلانغان. ئۇزاق ئۆتمەي مەزكۇر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىنگەن. دەرۋەقە، ئۇ ئۆزى كۆرسەتكەن يېرىگە ئوق يېگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «بۇ ئادەم زادى شۇمۇ؟» — دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر:

— شۇنداق، يا رەسۇلۇللاھ! — دېيىشكەن. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— «ئۇ ئاللاھقا سادىق بولغاچقا، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا سادىق بولدى»، — دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆزىنىڭ تونى بىلەن كېپەنلىگەندىن كېيىن ئالدىدا قويۇپ نامىزىنى چۈشۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئۈنلۈك ئاۋازدا: «ئى ئاللاھ! بۇ بەندەڭ سېنىڭ يولۇڭدا

ھجرەت قىلىپ چىقتى، ئاندىن سېنىڭ يولۇڭدا ئۆلتۈرۈلدى. مەن بۇنىڭغا گۇۋاھ!» دەپ دۇئا قىلغان.

ئىسلام تارىخى جانلىرىنى ئاللاھ يولىدا ئاتىۋەتكەن، پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھقا بېغىشلىغان، جىھادى ئاللاھ ئۈچۈن بولغان، ئاللاھقا ھېچكىمنى شېرىك قىلمىغان ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىغا ۋە ئاجايىپ نەمۇنىلىك قەھرىمانلىقلارغا تولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىمام ھەسەن بەننا رەھىمەھۇللاھنىڭ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» دېگەن نامدا چىقىدىغان كۈندىلىك گېزىتىنىڭ جۇمە كۈنلۈك سانىدىكى سۆزلىرىنىڭ بىرىدە «تۆشۈك تەشكۈچى» دېگەن ماۋزۇدا يازغان بىر ماقالىسى بار بولۇپ، ئىمام ھەسەن بەننا بۇ ماقالىدىكى ۋەقەلىكنى مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ:

مۇسۇلمان قوشۇنى دۈشمەنىنىڭ ناھايىتى مۇستەھكەم بىر قەلئەسى ئالدىدا تۇرغان جەڭلەرنىڭ بىرىدە، مۇسۇلمانلار گەرچە بۇ قەلئەنى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت مۇھاسىرە قىلغان بولسىمۇ، ھېچكىم شەھەرگە كىرەلمەيدۇ. شۇنداق تۇرغان پەيتتە مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى ئىچىدىن بىرەيلەن شەھەر ئىچىگە كىرىدىغان بىرەر يوچۇق تېپىش ياكى قەلئە تېمىنى تېشىپ كىرىپ، مۇسۇلمان مۇجاھىدلارغا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىش خىيالىغا كېلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇسۇلمان ئەسكەر ئۆزى يالغۇز ھېچكىمگە تىنمايلا قەلئە تېمىنى تېشىپ، كىچىككىنە پىداكارانىلىق بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۈتۈۋاتقان غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەزكۇر

جەڭنىڭ قوماندانى ئاشۇ قېتىملىق غەلىبىنىڭ قولغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان «تۆشۈك تەشكۈچى»نى ھەرقانچە سۈرۈشتە قىلغان بولسىمۇ، ھېچكىم «مەن تەشتىم» دەپ ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوماندان ئەسكەرلەر ئىچىدە سۆز قىلىپ:

- ئاللاھقا قەسەم قىلدىمكى، بۇ تۆشۈكنى كىم تەشكەن بولسا ياكى تۆشۈك تەشكۈچىنى بىلسە، ئۇنى ماڭا كۆرسىتىپ قويسۇن! - دەيدۇ.

قوماندان چېدىرىدا ئولتۇرۇۋاتقاندا ناتونۇش بىرەيلەن كىرىپ:

- سىزنىڭ ھېلىقى تۆشۈكنى تەشكۈچىنى زادى بىلگۈڭىز بارمۇ؟ - دەيدۇ. قوماندان:

- ئەزبىرايى خۇدا، راستىنلا بىلگۈم بار.

- مەن سىزگە ئۇنى كۆرسىتىپ قوياي. لېكىن ئۇنىڭ شەرتلىرى بار ئىكەن.

- ئۇنىڭ شەرتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندايمەن، نېمە شەرتلىرى باركەن؟

- ئىسمىنى سورىمايدىكەنسىز، كىشىلەر ئىچىدە جاكارلىمايدىكەنسىز ياكى خەلىپىگە دوكلات قىلمايدىكەنسىز، قىلغان بۇ خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنى مۇكاپاتلىمايدىكەنسىز.

- بولىدۇ، ئۇنىڭ شەرتلىرىگە كۆندۈم. ئۇ قەيەردە؟

- ئۇ مەن بولىمەن.

قوماندان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قۇچاقلاپ كېتىدۇ.

بۇ ئەسكەر قوماندانىدىن دېيىشكەن شەرتكە ئەمەل قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. قوماندان ئامالسىزلىقتىن ماقۇل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ نامسىز ئەسكەر زور قوشۇن ئىچىگە بىر شۇڭغۇپ كەتكەنچە، شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ئۇنى كۆرمەيدۇ.

قوماندان ئاللاھقا دۇئا قىلىپ قىيامەت كۈنى ئۆزىنى شۇ تۆشۈكنى تەشكەن ئەسكەر بىلەن بىرگە تىرىلدۈرۈشىنى، ئۆز دىنىغا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىمانلىق، ئىخلاسمەن كىشىلەر ئارقىلىق نۇسرەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيدۇ: ﴿ئاللاھ تائالا ساڭا ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۇسۇلمانلار ئارقىلىق ياردەم بەردى﴾[1].

## نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش

ئىخلاسمەنلىككە ياردەم بېرىدىغان ئامىللارنىڭ يەنە بىرى تاكى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بولغانغا قەدەر نەپسكە قارشى كۈرەش قىلىش، شەخسىي ۋە دۇنيالىق رىغبەتلىرىگە قارشى جىھاد قىلىشتۇر.

ھەرقانداق ئادەم كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرىپ تۇرۇپ، نەپسىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى ۋە باشقىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشنى ياخشى كۆرۈشىگە، نام ـ شۆھرەت ۋە ئالقىشلىنىشنى ياكى بايلىق ۋە مال ـ دۇنيانى تەمە قىلىشلىرىغا تەسلىم بولۇپ تۇرۇپ توغرا يولدا ماڭالمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئىرادە، جىھادقا بولغان سەمىمىيلىك ھەمراھ بولغاندىلا ئاندىن تۈز يولدا ماڭالايدۇ. ئىرادە ئاساس، كۈرەش قىلىش نېگىزلىك ئامىلدۇر.

---

[1] سۈرە ئەنفال، 62 ـ ئايەت.

شەكسىزكى، يول ماڭغۇچىغا نىسبەتەن ئەڭ خەتەرلىك ئىش مۇشۇ جەڭدە (يەنى نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىش جېڭىدە) غەلىبە قازىنىشتىن ئۈمىدسىزلىنىش، روھىي جەھەتتىن مەغلۇپ بولغانلىقنى ئېتىراپ قىلىپ ياكى ئاجىزلىقنى ۋە نىشانغا يېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكنى ئىقرار قىلىپ قورال تاشلاشتۇر.

ئاقىللارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىدىن ۋە شاگىرتلىرىدىن: «قىلالمايمەن، بىلمەيمەن، مۇمكىن ئەمەس» دېگەن ئۈچ سۆزنى ئاڭلاشنى ئىنتايىن يامان كۆرىدىكەن.

«قىلالمايمەن» دېگەن كىشىگە:

ـ ئۇرۇنۇپ باق! ـ دەيدىكەن.

«بىلمەيمەن» دېگەن كىشىگە:

ـ ئۆگەنگىن! ـ دەيدىكەن.

«مۇمكىن ئەمەس» دېگەن كىشىگە:

ـ سىناپ باق! ـ دەيدىكەن.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، نەپسىگە قارشى كۈرەش قىلىش ئىنتايىن جاپالىق، مۇشەققەتلىك، قىيىن ئىش. بۇ جاپا ـ مۇشەققەتنى ئاخىرەت يولىنى كۆزلىگەن ئادەم دەسلەپتىلا ھېس قىلىدۇ. لېكىن تىرىشىش، قايتا ـ قايتا ئۇرۇنۇش، سەۋر قىلىش ۋە ئاللاھتىن ياردەم تىلەش ئارقىلىق جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئاسانلىشىدۇ، قىيىنچىلىقلار قولايلىشىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادىكى قانۇنىيىتى شۇكى، «تىرىشقان تاپار، تېرىغان ئورار»، «مېڭىپ تۇرغان نىشانغا يېتەر». بۇ بولسا ئاللاھنىڭ تىرىشقانلارغا قىلغان ۋەدىسىدۇركى، ئاللاھ تائالا تىرىشقانلارنى ئۆز يولىغا يېتەكلەيدۇ ۋە يولنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزنىڭ يولىمىزدا

كۆرەش قىلغانلارنى يولىمىزغا يېتەكلەيمىز. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللە﴾[1].

بۇ ئايەت مەككىدە نازىل بولغان يەنى ئەسكىرىي ئۇقۇمدىكى جىھاد نازىل بولۇشتىن بۇرۇن نازىل بولغان ئايەتتۇر. شۇڭا بۇ ئايەت جىھادنىڭ باشقا تۈرلىرى توغرىسىدا نازىل بولغان دېيىش مۇۋاپىقراق. باشقا تۈرلۈك جىھادلار ئىچىدە نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش ئەڭ بېشىدا تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇ جىھاد مەرتىۋىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئالدىنقى مەرتىۋىدۇر.

ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «مۇجاھىد دېگەن ئاللاھ ئۈچۈن نەپسىگە قارشى جىھاد قىلغان كىشىدۇر»[2].

## ئاللاھقا سىغىنىپ دۇئا قىلىش ۋە ياردەم تىلەش

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىخلاسمەنلىكنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنى كۈچەيتىدىغان ۋە ئاللاھقا يۈزلەنگۈچىنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىدىغان ئىش بولسا بارلىق ئىشلاردا ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەشتۇر. چۈنكى، ياردەم پەقەت ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ، بارلىق ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى يەنە شۇ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا باغلىقتۇر. ئاللاھ تائالا بىزگە ھەر نامىزىمىزدا داۋاملىق: ﴿(ئى ئاللاھ!) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾[3] دېيىشنى ئۆگەتكەن. مانا بۇ تەۋھىد ھەقىقىتىدۇر يەنى ئىبادەتتە ۋە ياردەم تىلەشتە ئاللاھ تائالانى

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت، 69 ـ ئايەت.

[2] ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە فاتىھە، 5 ـ ئايەت.

يەككە - يېگانە دەپ بىلىشتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ غەيرىگە چوقۇنۇش يوق، ئۇنىڭ غەيرىدىن ياردەم تىلەشمۇ يوق.

بىر سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىن، (ئاللاھتىن ياردەم تىلەشتە) ھەرگىز بوشاڭلىق قىلمىغىن!»[1].

دۇئا مۆمىنىنىڭ قورالىدۇر. ئۇ ئاللاھ تائالا ئىنسانىنىڭ نىشانىغا يېتىشى ۋە ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشى ئۈچۈن يولغا قويۇپ بەرگەن مەنىۋى سەۋەبلەردىن بىرىدۇر.

ئىنسان ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىشقا كۈچى يەتمەي، ئاجىز كەلگەن ياكى ئىرادىسى بوشىشىپ كەتكەن چاغدا، ئۇنىڭ ئالدىدا پەقەت دۇئا ئارقىلىق قاقىدىغان، پەزلىدىن سورايدىغان، ئىجابەت قىلىشقا لايىق بولغان ئاللاھنىڭ ئىشكىلا بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئۆگەتكەن مۇنۇ ھەدىس ئىلگىرى ئۆتتى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ ئۆزىمىز بىلىدىغان نەرسىلەرنى ساڭا شېرىك كەلتۈرۈپ سېلىشتىن پاناھ تىلەيمىز. بىلمەيدىغان گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن سەندىن مەغپىرەت تىلەيمىز».

الحمد لله على كل حال ونعوذ بالله من كل ضلال

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئاقىللار، شائىرلار ۋە ئەدىبلەرمۇ سالىھلارغا ھەمسۆھبەت بولۇشنى ۋە ھەمسۆھبەت بولغۇچىلارنى خىلمۇخىل ئىبارىلەر بىلەن تەرىپلەشكەن. بىر شائىر مۇشۇ ھەقتە مۇنداق شېئىر ئېيتقان:

*بىلمەك بولساڭ بىرىنى گەر، دوستىنى سورا،*
*چۈنكى، ھەركىم ئۆلپەتداش دوستىدەك بولار.*

شۇنىڭدا شەك يوقكى، ئىخلاسقا تۈرتكە بولىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل پۈتۈن ھاياتنى ئاللاھ ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن، جانلىرى ۋە ماللىرىنى ئاللاھ ئۈچۈن سېتىۋەتكەن ئىخلاسمەن كىشىلەرگە ھەمسۆھبەت بولۇشتۇر. بۇنداق ئادەملەر سەن بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ھەمسۆھبەت بولىدۇ، سېنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ، سەنمۇ ئۇلارنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىسەن. ئۇلار سەن باي چېغىڭدا يېپىشىدىغان، نامراتلاشقىنىڭدا يۈز ئۆرۈيدىغان ئاچكۆز چىۋىنلار ۋە گۈلخان پەرۋانىلىرىدەك كىشىلەر ئەمەس.

بۇلار بولسا ئاللاھ تائالا مۇنۇ سۆزىدە ئۆز پەيغەمبىرىنى سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولۇشقا، كۆزگە ئىلماي قالماسلىققا بۇيرۇغان كىشىلەردۇر: ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن - ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن سەۋرچان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇزىنىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن. بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، ھاۋايى - ھەۋەسكە ئەگەشكەن، ئىشى چەكتىن

ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن﴾[1].

بۇنداق كىشىلەرگە ھەمراھ بولغانلار چوقۇم شۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، شۇلاردىن ئۆگىنىدۇ، شۇلارنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىك ئىش - ئىزلىرى ۋە ئەمەللىرىگە قاراپ ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن ئۆرنەك ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىلگىرىكى ئالىملار مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىر ئادەمنىڭ مىڭ ئادەم ئوتتۇرىسىدا قىلغان ئىشى مىڭ ئادەمنىڭ بىر ئادەمگە نەسىھەت قىلغىنىدىن ئېشىپ كېتىدۇ». ئۇلار بۇ سۆزىدە بىر ئادەمنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، ئەخلاقى ۋە ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتقان.

سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «ئىككى مۆمىن قېرىنداشنىڭ مىسالى ئىككى قولنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئىككى قولنىڭ بىرى يەنە بىرىنى يۇيىدۇ. ئىككى مۆمىن ئۆزئارا ئۇچرىشىپلا قالسا، ئاللاھ ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەربىرىگە يەنە بىرىنىڭ پايدىسىنى يەتكۈزىدۇ».

مۇھىمى ئۆزۈڭ يالغۇز ياشىما! تەركىدۇنيالىق قازىنىقىغا كىرىپ، راھىبلىق تۇرمۇشىغا بېكىنىۋالما! چۈنكى، ئىسلامدا راھىبلىق يوق. كىشىلەرگە ئارىلىشىپ، ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىپ ياشايدىغان مۆمىن كىشىلەرگە ئارىلاشماي، ئەزىيىتىنىمۇ كۆرمەي ياشىغان مۆمىندىن ياخشىراقتۇر. ياخشىلىق ۋە رەھمەت جامائەت بىلەن بىرگە بولىدۇ. يالغۇز ياشايمەن دەپ جامائەتتىن ئايرىلىۋالغانلار ھالاك بولۇپ، زاۋال تاپىدۇ. ئاللاھنىڭ قولى جامائەت بىلەن بىللىدۇر. قانداق ئادەم بۆلۈنۈپ چىقىۋالسا، ئوتقا چىقىۋالغان بولىدۇ. يالغۇز كىشىنىڭ ھەمراھى شەيتاندۇر. شەيتان يالغۇز ئادەمگە قارىغاندا ئىككى كىشىدىن يىراقراق

[1] سۈرە كەھف، 28 - ئايەت.

بولىدۇ. تويتىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يەيدۇ. شەيتان ئىنساننىڭ بۆرىسىدۇر. ئىنسان ئۆزى يالغۇز ئاز، قېرىنداشلىرى بىلەن كۆپتۇر. جامائەت ئىتائەتكە كۈچ قوشىدۇ، گۇناھ ـ مەسىيەتتىن ساقلىنىشقا ياردەمچى بولىدۇ.

شۇڭا قېرىنداشلىرىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ تونۇشقىن، قولۇڭنى ئۇلارنىڭ قوللىرى ئۈستىگە قويغىن، ئەخلاقىنى ۋە ئىلمىنى ئۆگەنگىن، ئۇلار بىلەن ياخشىلىق ۋە تەقۋالىقتا ھەمكارلاشقىن، ئۇلار بىلەن ھەقكە ۋە سەۋرگە تەۋسىيە قىلىشقىن، ئۇلار بىلەن مەسچىتلەردە، ياخشىلىق ئورۇنلىرىدا، ئىلىم سورۇنلىرىدا، دەۋەت مەيدانلىرىدا تونۇشقىن. يەر يۈزى ھېچقاچان شۇنداق سالىھ كىشىلەردىن خالىي قالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىز ياراتقان ئىنسانلار ئىچىدە ھەق يولغا دەۋەت قىلىدىغان ۋە ھەقتە چىڭ تۇرىدىغان بىر ئۈممەت بار﴾[1]. يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر﴾[2].

باشقىلارنى ھەقكە تەۋسىيە قىلغىن، باشقىلارنىڭ ساڭا قىلغان نەسىھىتىنىمۇ قوبۇل قىلغىن. بۇ دۇنيادا نەسىھەتكە ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان مۆمىن يوق، نەسىھەت قىلمىسىمۇ بولىدىغان مۆمىن تېخىمۇ يوق. مانا بۇ بىر ـ بىرىگە نەسىھەت قىلىشنىڭ مەنىسى بولۇپ، نەسىھەتنىڭ ھەر ئىككى تەرەپتىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۆمىن ئەرلەر ۋە

---

[1] سۈرە ئەئراف، 181 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەسر، 1ـ3 ـ ئايەتلەر.

مۆمىن ئاياللار ئۆز ـ ئارا قېرىنداشتۇر﴾[1].

ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «مۆمىن مۆمىننىڭ ئەينىكىدۇر»[2].

## ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇش

ئىخلاسمەنلىككە ياردىمى بولىدىغان تۈرتكىلىك ئىشلاردىن يەنە بىرى ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە يولىنى ئۆلگە قىلىپ مېڭىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئوقۇپ، ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشتۇر. ئاللاھقا يۈزلەنگۈچىلەر ناۋادا ھەمسۆھبەت بولۇش ئۈچۈن تىرىك ئىخلاسمەن كىشىلەرنى تاپالمىسا، ھېچبولمىسا ئۆلۈپ كەتكەن ئىخلاسمەنلەرگە ھەمسۆھبەت بولۇشى لازىم. چۈنكى، ئەخلاق دېگەن ئىدىيەگە ئوخشاش ئىگىسى بىلەن تەڭ ئۆلمەيدۇ.

مۇشۇنداق ئوقۇشمۇ ھەمسۆھبەت بولۇش ۋە بىرگە ياشاشنىڭ بىر تۈرىدۇر. لېكىن بۇ ئىدىيە ۋە مەنىۋىيەتتىكى ھەمسۆھبەت بولۇش، روھىي ۋە ئىمانىي جەھەتتە بىرگە ياشاشتۇر.

بىزنىڭ ئىلمىي مىراسلىرىمىز ئىچىدە ئوقۇغان ئادەم تەسىرلەنمەي تۇرالمايدىغان ئىخلاسمەنلەرنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ـ ئىزلىرى خېلى كۆپ ئىكەنلىكى ئاللاھنىڭ پەزلى مەرھەمىتىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلەپ بەرگەن، غارغا قاپسىلىپ قالغان ئۈچ كىشىنىڭ ۋەقەلىكىمۇ ئەنە شۇ نەمۇنىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئەينى چاغدا بىر قورام تاش ئۇلار كىرگەن غارنىڭ

[1] سۈرە تەۋبە، 71 ـ ئايەت.

[2] ئىمام بۇخارىي ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ئېغىزىنى توسۇۋالغان. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئىلگىرى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلغان ياخشى ئەمەلىدىن باشقا ھېچنەرسە ئۇلارغا ئەسقاتمىغان. شۇڭا ئۇلار ئەنە شۇ ياخشى ئەمەللىرىنى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئاللاھتىن ئۆزلىرىنى ئاشۇ خاپىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى ئۆتۈنۈپ سورىغان ۋە ئۇلاردىن ھەربىرى: «ئى ئاللاھ! ئەگەر مەن شۇ ئەمەلنى سېنىڭ رازىلىقىڭنى كۆزلەپ قىلغان بولسام، بىزدىن بۇ خاپىلىقنى كۆتۈرۈۋەتكىن!» دەپ يالۋۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارنى خاپىلىقتىن قۇتۇلدۇرغان ۋە ئىخلاسى تۈپەيلى ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالدىن خالاس قىلغان. بىز ئىلگىرى بۇلارنىڭ ۋەقەلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئۆتتۇق[1].

بۇ نەمۇنىلەرنىڭ يەنە بىرى ئىمام نەسائىي «سۇنەن»ىدە شەدداد ئىبنى هاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ۋەقەلىك بولۇپ، تاغلىق ئەرەبلەردىن بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىمان ئېيتىپ، بەيئەت بەرگەن. ئاندىن: مەنمۇ سەن بىلەن ھىجرەت قىلىمەن، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنىڭ بىرىگە ئۇنىڭغا ياخشى قاراشنى بۇيرۇغان.

غازات بولغان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىيمەت ئالغان بولۇپ، غەنىيمەتلەرنى ساھابىلىرىگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، مەزكۇر ساھابىگىمۇ غەنىيمەتتىن بىر ئۈلۈش ئېلىپ قويغان. ئۇ كىشى ساھابىلەرنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىغا قارايتتى. ئۇ كەلگەن چاغدا ساھابىلەر ئۇنىڭ ئۈلۈشىنى بەرگەن. ئۇ:

ـ بۇ نېمە؟، ـ دەپ سورىغان. ساھابىلەر:

[1] 136ـ138 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

― بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا بۆلۈپ بەرگەن نىسۋەڭ، ― دېگەندە، ئۇ ئۈلۈشىنى قولىغا ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

― بۇ نېمە؟ ― دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

― «بۇ سېنىڭ نېسىۋەڭ» ― دەپ جاۋاب بەرگەندە:

― مەن ساڭا بۇنى دەپ ئەگەشمىدىم. مەن ساڭا بۇ يەرگە ئوق يەپ ئۆلۈپ، جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئەگەشتىم، ― دەپ بوغۇزىنى كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

― «ئەگەر سەن ئاللاھقا سادىق بولساڭ، ئاللاھمۇ ساڭا سادىق بولىدۇ (يەنى ئەگەر سەن مۇشۇ گېپىڭنى سەممىيەت بىلەن دېگەن بولساڭ، ئاللاھ سېنى مەقسىتىڭگە يەتكۈزىدۇ)» ― دېگەن.

ئارقىدىنلا ساھابىلەر دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇمغا ئاتلانغان. ئۇزاق ئۆتمەي مەزكۇر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىنگەن. دەرۋەقە، ئۇ ئۆزى كۆرسەتكەن يەرگە ئوق يېگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

― «بۇ ئادەم زادى شۇمۇ؟» ― دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر:

― شۇنداق، يا رەسۇلۇللاھ! ― دېيىشكەن. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

― «ئۇ ئاللاھقا سادىق بولغاچقا، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا سادىق بولدى»، ― دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆزىنىڭ تونى بىلەن كېپەنلىگەندىن كېيىن ئالدىدا قويۇپ نامىزىنى چۈشۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئۈنلۈك ئاۋازدا: «ئى ئاللاھ! بۇ بەندەڭ سېنىڭ يولۇڭدا

ھىجرەت قىلىپ چىقتى، ئاندىن سىنىڭ يولۇڭدا ئۆلتۈرۈلدى. مەن بۇنىڭغا گۇۋاھ!» دەپ دۇئا قىلغان.

ئىسلام تارىخى جانلىرىنى ئاللاھ يولىدا ئاتىۋەتكەن، پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھقا بېغىشلىغان، جىھادى ئاللاھ ئۈچۈن بولغان، ئاللاھقا ھېچكىمنى شېرىك قىلمىغان ئىخلاسمەن كىشىلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىغا ۋە ئاجايىپ نەمۇنىلىك قەھرىمانلىقلارغا تولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىمام ھەسەن بەننا رەھىمەھۇللاھنىڭ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» دېگەن نامدا چىقىدىغان كۈندىلىك گېزىتىنىڭ جۈمە كۈنلۈك سانىدىكى سۆزلىرىنىڭ بىرىدە «تۆشۈك تەشكۈچى» دېگەن ماۋزۇدا يازغان بىر ماقالىسى بار بولۇپ، ئىمام ھەسەن بەننا بۇ ماقالىدىكى ۋەقەلىكنى مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ:

مۇسۇلمان قوشۇنى دۈشمەننىڭ ناھايىتى مۇستەھكەم بىر قەلئەسى ئالدىدا تۇرغان جەڭلەرنىڭ بىرىدە، مۇسۇلمانلار گەرچە بۇ قەلئەنى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت مۇھاسىرە قىلغان بولسىمۇ، ھېچكىم شەھەرگە كىرەلمەيدۇ. شۇنداق تۇرغان پەيتتە مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى ئىچىدىن بىرەيلەن شەھەر ئىچىگە كىرىدىغان بىرەر يوچۇق تېپىش ياكى قەلئە تېمىنى تېشىپ كىرىپ، مۇسۇلمان مۇجاھىدلارغا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىش خىيالىغا كېلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇسۇلمان ئەسكەر ئۆزى يالغۇز ھېچكىمگە تىنمايلا قەلئە تېمىنى تېشىپ، كىچىككىنە پىداكارانىلىق بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۈتۈۋاتقان غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ.

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەزكۇر

جەڭنىڭ قوماندانى ئاشۇ قىممەتلىك غەلىبىنىڭ قولغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان «تۆشۈك تەشكۈچى»نى ھەرقانچە سۈرۈشتە قىلغان بولسىمۇ، ھېچكىم «مەن تەشتىم» دەپ ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوماندان ئەسكەرلەر ئىچىدە سۆز قىلىپ:

- ئاللاھقا قەسەم قىلدىمكى، بۇ تۆشۈكنى كىم تەشكەن بولسا ياكى تۆشۈك تەشكۈچىنى بىلسە، ئۇنى ماڭا كۆرسىتىپ قويسۇن! - دەيدۇ.

قوماندان چېدىرىدا ئولتۇرۇۋاتقاندا ناتونۇش بىرەيلەن كىرىدۇ:

- سىزنىڭ ھېلىقى تۆشۈكنى تەشكۈچىنى زادى بىلگۈڭىز بارمۇ؟ - دەيدۇ. قوماندان:

- ئەزبىرايى خۇدا، راستتىنلا بىلگۈم بار.

- مەن سىزگە ئۇنى كۆرسىتىپ قوياي. لېكىن ئۇنىڭ شەرتلىرى بار ئىكەن.

- ئۇنىڭ شەرتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندايمەن، نېمە شەرتلىرى باركەن؟

- ئىسمىنى سورىمايدىكەنسىز، كىشىلەر ئىچىدە جاكارلىمايدىكەنسىز ياكى خەلىپىگە دوكلات قىلمايدىكەنسىز، قىلغان بۇ خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنى مۇكاپاتلىمايدىكەنسىز.

- بولىدۇ، ئۇنىڭ شەرتلىرىگە كۆندۈم. ئۇ قەيەردە؟

- ئۇ مەن بولىمەن.

قوماندان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قۇچاقلاپ كېتىدۇ.

بۇ ئەسكەر قوماندانىدىن دېيىشكەن شەرتكە ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. قوماندان ئامالسىزلىقتىن ماقۇل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ نامسىز ئەسكەر زور قوشۇن ئىچىگە بىر شۇڭغۇپ كەتكەنچە، شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ئۇنى كۆرمەيدۇ.

قوماندان ئاللاھقا دۇئا قىلىپ قىيامەت كۈنى ئۆزىنى شۇ تونۇشلۇق تەشكەن ئەسكەر بىلەن بىرگە تىرىلدۈرۈشىنى، ئۆز دىنىغا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىمانلىق، ئىخلاسمەن كىشىلەر ئارقىلىق نۇسرەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيدۇ: ﴿ئاللاھ تائالا ساڭا ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۇسۇلمانلار ئارقىلىق ياردەم بەردى﴾[1].

## نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش

ئىخلاسمەنلىككە ياردەم بېرىدىغان ئامىللارنىڭ يەنە بىرى تاكى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس بولغانغا قەدەر نەپسىگە قارشى كۈرەش قىلىش، شەخسىي ۋە دۇنيالىق رىغبەتلىرىگە قارشى جىھاد قىلىشتۇر.

ھەرقانداق ئادەم كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرىپ تۇرۇپ، نەپسىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى ۋە باشقىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشنى ياخشى كۆرۈشكە، نام - شۆھرەت ۋە ئالقىشلىنىشنى ياكى بايلىق ۋە مال - دۇنيانى تەمە قىلىشلىرىغا تەسلىم بولۇپ تۇرۇپ توغرا يولدا ماڭالمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئىرادە، جىھادقا بولغان سەممىيلىك ھەمراھ بولغاندىلا ئاندىن تۈز يولدا ماڭالايدۇ. ئىرادە ئاساس، كۈرەش قىلىش نېگىزلىك ئامىلدۇر.

[1] سۈرە ئەنفال، 62 ـ ئايەت.

شەكسىزكى، يول ماڭغۇچىغا نىسبەتەن ئەڭ خەتەرلىك ئىش مۇشۇ جەڭدە (يەنى نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىش جېڭىدە) غەلىبە قازىنىشتىن ئۈمىدسىزلىنىش، روھىي جەھەتتىن مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ياكى ئاجىزلىقىنى ۋە نىشانغا يېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىقرار قىلىپ قورال تاشلاشتۇر.

ئاقىللارنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىدىن ۋە شاگىرتلىرىدىن: «قىلالمايمەن، بىلمەيمەن، مۇمكىن ئەمەس» دېگەن ئۈچ سۆزنى ئاڭلاشنى ئىنتايىن يامان كۆرىدىكەن.

«قىلالمايمەن» دېگەن كىشىگە:

ـ ئۇرۇنۇپ باق! ـ دەيدىكەن.

«بىلمەيمەن» دېگەن كىشىگە:

ـ ئۆگەنگىن! ـ دەيدىكەن.

«مۇمكىن ئەمەس» دېگەن كىشىگە:

ـ سىناپ باق! ـ دەيدىكەن.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، نەپسىگە قارشى كۈرەش قىلىش ئىنتايىن جاپالىق، مۇشەققەتلىك، قىيىن ئىش. بۇ جاپا ـ مۇشەققەتنى ئاخىرەت يولىنى كۆزلىگەن ئادەم دەسلەپتىلا ھېس قىلىدۇ. لېكىن تىرىشىش، قايتا ـ قايتا ئۇرۇنۇش، سەۋر قىلىش ۋە ئاللاھتىن ياردەم تىلەش ئارقىلىق جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئاسانلىشىدۇ، قىيىنچىلىقلار قولايلىشىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادىكى قانۇنىيىتى شۇكى، «تىرىشقان تاپار، تېرىغان ئورار»، «مېڭىپ تۇرغان نىشانغا يېتەر». بۇ بولسا ئاللاھنىڭ تىرىشقانلارغا قىلغان ۋەدىسىدۇركى، ئاللاھ تائالا تىرىشقانلارنى ئۆز يولىغا يېتەكلەيدۇ ۋە يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿بىزنىڭ يولىمىزدا

كۆرەش قىلغانلارنى بولىمىزغا يېتەكلەيمىز. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللە﴾[1].

بۇ ئايەت مەككىدە نازىل بولغان يەنى ئەسكىرىي ئۇقۇمدىكى جىھاد نازىل بولۇشتىن بۇرۇن نازىل بولغان ئايەتتۇر. شۇڭا بۇ ئايەت جىھادنىڭ باشقا تۈرلىرى توغرىسىدا نازىل بولغان دېيىش مۇۋاپىقراق. باشقا تۈرلۈك جىھادلار ئىچىدە نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش ئەڭ بېشىدا تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇ جىھاد مەرتىۋىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئالدىنقى مەرتىۋىدۇر.

ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «مۇجاھىد دېگەن ئاللاھ ئۈچۈن نەپسىگە قارشى جىھاد قىلغان كىشىدۇر»[2].

### ئاللاھقا سىغىنىپ دۇئا قىلىش ۋە ياردەم تىلەش

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىخلاسمەنلىكنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنى كۆچەيتىدىغان ۋە ئاللاھقا يۈزلەنگۈچىنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىدىغان ئىش بولسا بارلىق ئىشلاردا ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلەشتۇر. چۈنكى، ياردەم پەقەت ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ، بارلىق ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى يەنە شۇ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا باغلىقتۇر. ئاللاھ تائالا بىزگە ھەر نامىزىمىزدا داۋاملىق: ﴿(ئى ئاللاھ!) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾[3] دېيىشنى ئۆگەتكەن. مانا بۇ تەۋھىد ھەقىقىتىدۇر يەنى ئىبادەتتە ۋە ياردەم تىلەشتە ئاللاھ تائالانى

[1] سۈرە ئەنكەبۇت، 69 ـ ئايەت.

[2] ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان.

[3] سۈرە فاتىھە، 5 ـ ئايەت.

يەككە ـ يېگانە دەپ بىلىشتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ غەيرىگە چوقۇنۇش يوق، ئۇنىڭ غەيرىدىن ياردەم تىلەشمۇ يوق.

بىر سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھتىن ياردەم تىلىگىن، (ئاللاھتىن ياردەم تىلەشتە) ھەرگىز بوشاڭلىق قىلمىغىن!»[1].

دۇئا مۆمىنىنىڭ قورالىدۇر. ئۇ ئاللاھ تائالا ئىنسانىنىڭ نىشانىغا يېتىشى ۋە ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشى ئۈچۈن يولغا قويۇپ بەرگەن مەنىۋى سەۋەبلەردىن بىرىدۇر.

ئىنسان ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىشقا كۈچى يەتمەي، ئاجىز كەلگەن ياكى ئىرادىسى بوشىشىپ كەتكەن چاغدا، ئۇنىڭ ئالدىدا پەقەت دۇئا ئارقىلىق قاقىدىغان، پەزلىدىن سورايدىغان، ئىجابەت قىلىشقا لايىق بولغان ئاللاھنىڭ ئىشىكىلا بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئۆگەتكەن مۇنۇ ھەدىس ئىلگىرى ئۆتتى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ ئۆزىمىز بىلىدىغان نەرسىلەرنى ساڭا شېرىك كەلتۈرۈپ سېلىشتىن پاناھ تىلەيمىز. بىلمەيدىغان گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن سەندىن مەغپىرەت تىلەيمىز».

الحمد لله على كل حال ونعوذ بالله من كل ضلال

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.